(تەرجىمەلەر)



7

1990

1990 -يىل 7 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 10 -كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

# ئەدلىيە كەسپى

(تەرجىمە)

## مۇندەرىجە



| | |
|---|---|
| قانۇن - نىزاملار | جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى ...... (1) |
| قىسقا خەۋەرلەر | «تاماكىنىڭ زىيىنىنى تېزگىنلەش قانۇنى» تۈزۈلمەكتە ...... (24)<br>ئارمىيىمىزدە تۇنجى قېتىم ھەربىي ئىشلار قانۇن مەسلىھەتچىلىكى يولغا قويۇلدى ...... (24) |
| قانۇندىن بىلىملەر | قانۇندا قايسى خىلدىكى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى چەكلىنىدۇ ...... (25) |
| مەمۇرى قانۇنچىلىق | مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە لېكسىيە ...... (26) |
| خىزمەت تەتقىقاتى | جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى قانداق بېكىتىش كېرەك ...... (36) |
| تىپىك ئەنزە | بۇ ئەنزىنى كىم بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ...... (37) |
| مۇلاھىزە | ھەق تەلەپ سۆرۈكى تۈزۈمى توغرىسىدا مۇھاكىمە ...... (38) |
| ئەدلىيە ھۆججەتلىرى يېزىقچىلىقى | ئەدلىيە تەكلىپنامىسىنىڭ يېزىلىشى ...... (42) |
| تۇرمۇش سەھىپىسى | بىر جۇڭگولۇقنىڭ كۇۋەيتتە دەۋادا ئۇتۇپ چىقىشى ...... (44) |
| قانۇن مەسلىھەتچىسى | خۇسۇسىي رازۋېتچىك تەكلىپ قىلىش قانۇنلۇقمۇ - يوق ...... (49) |



مەسئۇل مۇھەررىرى: دولقۇن ئابدۇرېھىم

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى

(1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللانغان)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى

(26 - نومۇرلۇق)

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى»، جۈملىدىن قوشۇمچە ھۆججەت — 1: «شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش چارىسى»، قوشۇمچە ھۆججەت — 2: «شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش چارىسى ۋە ئاۋاز بېرىش تەرتىپى»، قوشۇمچە ھۆججەت — 3: «شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلىدىغان دۆلەتلىك قانۇنلار» ۋە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ بايرىقى، رايون بەلگىسى نۇسخىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا 1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى. 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلسۇن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ياڭ شاڭكۈن

1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاپرېل تېلېگراممىسى)

## مۇندەرىجە

سۆز بېشى
بىرىنچى باب ئومۇمىي قائىدە
ئىككىنچى باب مەركەز بىلەن شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
ئۈچىنچى باب ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى
تۆتىنچى باب سىياسىي تۈزۈلمە
1 - پاراگراف مەمۇرىي رايون باشلىقى
2 - پاراگراف مەمۇرىي ئورگان
3 - پاراگراف قانۇن چىقىرىش ئورگىنى
4 - پاراگراف ئەدلىيە ئورگانلىرى
5 - پاراگراف رايونلۇق تەشكىلات
6 - پاراگراف ھۆكۈمەت خادىملىرى

بەشىنچى باب ئىقتىساد

1 - پاراگراف مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، سودا ۋە سودا - سانائەت

2 - پاراگراف يەر توختامى

3 - پاراگراف دېڭىز ترانسپورتى

4 - پاراگراف خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

ئالتىنچى باب مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، دىن، ئىشچى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت

يەتتىنچى باب تاشقى ئىشلار

سەككىزىنچى باب بۇ قانۇننى ئىزاھلاش ۋە تۈزىتىش

توققۇزىنچى باب قوشۇمچە قائىدە

قوشۇمچە ھۆججەت — 1: شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش چارىسى. قوشۇمچە ھۆججەت — 2: شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش چارىسى ۋە ئاۋاز بېرىش تەرتىپى. قوشۇمچە ھۆججەت — 3: شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوندا يولغا قويۇلىدىغان دۆلەتلىك قانۇنلار

## سۆز بېشى

شياڭگاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى، ئۇنى 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە ئىشغال قىلىۋالغان. 1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا قوشما بايانات ئىمزالاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئورتاق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، دۆلەت شياڭگاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 31 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنىشىنى ھەمدە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، شياڭگاڭدا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە سىياسەتنى يولغا قويماسلىقنى بەلگىلىدى. دۆلەتنىڭ شياڭگاڭغا قاراتقان ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو ئەنگلىيە قوشما باياناتىدا شەرھلەپ ئۆتكەن.

دۆلەتنىڭ شياڭگاڭغا قاراتقان ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىنى تۈزۈپ، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوندا يولغا قويۇلىدىغان تۈزۈمنى بەلگىلىدى.

## بىرىنچى باب ئومۇمىي قائىدە

**1 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمى.

**2 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىدۇ، ئۇنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرىدا قاراپ چىقىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

**3 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە قانۇن چىقىرىش ئورگىنى شىنجاڭنىڭ دائىملىق ئاھالىلىرى تەرىپىدىن مۇشۇ قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تەشكىل قىلىنىدۇ.

**4 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاھالىلەر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

**5 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە سىياسەت يولغا قويۇلمايدۇ، ئەسلىدىكى كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ساقلاپ قېلىنىپ، 50 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

**6 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خۇسۇسىي مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

**7 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى يەر ۋە تەبىئىي بايلىقلار دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئۇنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، ئېچىش، ئىجارىگە بېرىشكە ياكى شەخسلەر، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ياكى ئېچىشىغا تەستىقلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلاردىن كىرگەن كىرىم پۈتۈنلەي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

**8 - ماددا** شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى قانۇنلىرى، يەنى ئومۇمىي قانۇن، ئادالەت قانۇنى، نىزام بېقىنما قانۇن، ئادەت قانۇنىنىڭ مۇشۇ قانۇنغا زىت كېلىدىغانلىرىدىن ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىرىدىن باشقىلىرى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**9 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ۋە ئەدلىيە ئورگىنى جۇڭگو يېزىقىنى ئىشلەتكەندىن باشقا، ئىنگلىز يېزىقىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ، ئىنگلىز يېزىقىمۇ رەسمىي يېزىق ھېسابلىنىدۇ.

**10 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى ۋە دۆلەت بەلگىسىنى ئاسقاندىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رايون بايرىقى ۋە رايون بەلگىسىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رايون بايرىقى — بەش يۇلتۇز چېچەكلىك سېرىس گۈل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراق.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رايون بەلگىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەش يۇلتۇز

چېچەكلىك سېرىس گۈل، چۆرىسىگە خەنزۇچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى» دېگەن خەت ۋە ئىنگلىزچە «شياڭگاڭ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

**11 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 31 - ماددىسىغا ئاساسەن، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۈزۈمى ۋە سىياسەتلىرى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە دائىر تۈزۈملەر، مەمۇرىي باشقۇرۇش، قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى تۈزۈملەر ھەممە ئالاقىدار سىياسەتلەردە مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ئاساس قىلىنىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تۈزگەن ھەر قانداق قانۇن مۇشۇ قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

## ئىككىنچى باب مەركەز بىلەن شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

**12 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان يەرلىك مەمۇرىي رايونىدۇر، ئۇ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايدۇ.

**13 - ماددا** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىغا ئالاقىدار بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شياڭگاڭدا دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاپپارات تەسىس قىلىدۇ.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىغا ئالاقىدار تاشقى ئىشلارنى مۇشۇ قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بېرىدۇ.

**14 - ماددا** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتكەن ئارمىيە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ يەرلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى زۆرۈر تاپقاندا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىدىن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە خادىملىرى دۆلەتلىك قانۇنلارغا رىئايە قىلغاندىن باشقا، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ راسخوتىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**15 - ماددا** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ قانۇننىڭ تۆتىنچى بابىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقىنى ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەيدۇ.

**16 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھـ

رىمەن بولىدۇ، مۇشۇ قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**17 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تۈزگەن قانۇنلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى كېرەك. ئەنگە ئالدۇرۇش شۇ قانۇننىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆز قارمىقىدىكى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ نىگىزلىك قانۇنى كومىتېتىدىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تۈزگەن ھەر قانداق بىر قانۇننى مۇشۇ قانۇننىڭ مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى ۋە مەركەز بىلەن شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ماددىلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارىسا، شۇ ئالاقىدار قانۇننى قايتۇرۇۋېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزمەيدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئارقىلىق قايتۇرۇلغان قانۇن دەرھال كۈچتىن قالىدۇ. بۇ قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇنلىرىدا باشقىچە بەلگىلىمە چىقىرىلغان قانۇنلاردىن باشقا قانۇنلارغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

**18 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلىدىغان قانۇنلار مۇشۇ قانۇن، شۇنىڭدەك مۇشۇ قانۇننىڭ 8 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىياڭگاڭنىڭ ئەسلىدىكى قانۇنلىرى، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تۈزگەن قانۇنلاردىن ئىبارەت.

دۆلەتلىك قانۇنلاردىن مۇشۇ قانۇندا قوشۇمچە قىلىنغان ئۈچ ھۆججەتتىن باشقىلىرى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلمايدۇ. مۇشۇ قانۇننىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى قىلىنغان ئۈچ قانۇن شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى تەرىپىدىن شۇ جايدا ئېلان قىلىش ياكى قانۇن چىقىرىش يولى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆز قارمىقىدىكى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ نىگىزلىك قانۇنى كومىتېتى بىلەن شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىدىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، مۇشۇ قانۇننىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى قىلىنغان قانۇنلارنى كۆپەيتىسە ۋە ئازايتسا بولىدۇ. ئۈچ قوشۇمچە ھۆججەتكە كىرگۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ ھەر قانداقى دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا دائىر قانۇنلار ۋە مۇشۇ قانۇندا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاپتونومىيە دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن قانۇنلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۇرۇش ھالىتى جاكارلاشنى قارار قىلغاندا ياكى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى تىزگىنلىيەلمەيدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ياكى خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان مالىمانچىلىق يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ جىددىي ھالەتكە ئۆتۈشىنى قارار قىلغاندا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئالاقىدار دۆلەتلىك قانۇنلارنى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويسا بولىدۇ.

**19 - ماددا** شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرىدا قارار چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسى شىئاڭگاڭنىڭ ئەسلىدىكى قانۇن-تۈزۈملىرى ۋە پرىنسىپلىرىدا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىغا قويۇلغان چەكلىمىلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قالغاندىن باشقا، شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا يۈز بەرگەن ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسىنى سوت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسىدە دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگە چېتىلىدىغان پاكىتلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ شۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بەرگەن گۇۋاھلىق ھۆججىتىنى ئېلىشى كېرەك، بۇ ھۆججەت سوت مەھكىمىسى ئۈچۈن چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. مەمۇرىي رايون باشلىقى گۇۋاھلىق ھۆججىتى بېرىشتىن ئىلگىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىدىن گۇۋاھلىق ئېلىشى كېرەك.

**20 - ماددا** شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەم مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن باشقا ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**21 - ماددا** شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاھالىسى ئارىسىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى قانۇن بويىچە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن سان ۋە ۋەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسىگە ئاساسەن، شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاھالىسى ئارىسىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى شىئاڭگاڭدا شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرىدۇ.

**22 - ماددا** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق تارماقلار، ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇشۇ قانۇنغا بىنائەن ئۆزى باشقۇرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ.

مەركەزدىكى تارماقلار، ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا ئورگان تەسىس قىلماقچى بولسا، شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىشى لازىم.

مەركەزدىكى تارماقلار، ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا تەسىس قىلغان بارلىق ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرى شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى شەرت.

جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىدىكى كىشىلەر شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىغا كىرىشتە تەستىقلىتىش رەسمىيىتى ئۆتۈشى كېرەك، ئۇلاردىن شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىدىغانلارنىڭ سانىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى شىئاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن بەلگىلەيدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى بېيجىڭدا ئىش بېجىرىش ئورگىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ.

**23 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىدىغان، دۆلەتنى پارچىلايدىغان، توپىلاڭ قوزغايدىغان، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى ئوغرىلايدىغان ھەر قانداق قىلمىشنى ئۆز ئالدىغا قانۇن چىقىرىپ مەنئىي قىلىشى، چەت ئەل سىياسىي تەشكىلاتلىرى ياكى گۇرۇھلىرىنىڭ شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنى مەنئىي قىلىشى، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدىكى سىياسىي تەشكىلاتلار ياكى گۇرۇھلارنىڭ چەت ئەل سىياسىي تەشكىلاتلىرى ياكى گۇرۇھلىرى بىلەن ئالاقە باغلىشىنى مەنئىي قىلىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى باب ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

**24 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاھالىسى (قىسقارتىپ شياڭگاڭ ئاھالىسى دەپ ئاتىلىدۇ) دائىملىق ئاھالە ۋە ۋاقىتلىق ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ دائىملىق ئاھالىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن شياڭگاڭدا تۇغۇلغان جۇڭگو پۇقرالىرى؛

(2) شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن شياڭگاڭدا ئادەتتە ئۇدا ئولتۇراقلىشىش ۋاقتى يەتتە يىلدىن ئاشقان جۇڭگو پۇقرالىرى؛

(3) (1)، (2) تارماقلارغا كىرىدىغان ئاھالىلەرنىڭ شياڭگاڭدىن باشقا جايلاردا تۇغۇلغان جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى پەرزەنتلىرى؛

(4) شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئىناۋەتلىك ساياھەت گۇۋاھنامىسى بىلەن شياڭگاڭغا كىرگەن، شياڭگاڭدا ئادەتتە ئۇدا ئولتۇراقلىشىش ۋاقتى يەتتە يىلدىن ئاشقان ھەمدە شياڭگاڭنى دائىمىي تۇرۇشلۇق جاي قىلغان جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولمىغان كىشىلەر؛

(5) شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن (4) تارماققا كىرىدىغان ئاھالىلەرنىڭ شياڭگاڭدا تۇغۇلغان 21 ياشقا توشمىغان پەرزەنتلىرى؛

(6) (1) دىن (5) گىچە بولغان تارماقلارغا كىرىدىغان ئاھالىلەردىن باشقا، شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شياڭگاڭدىلا تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان كىشىلەر.

يۇقىرىقى ئاھالىلەر شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا تۇرۇش ھوقۇقىغا ھەمدە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى بويىچە تۇرۇش ھوقۇقى بارلىقى ئېنىق يېزىلغان دائىملىق ئاھالىلەر گۇۋاھنامىسى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ۋاقىتلىق ئاھالىسى: شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى بويىچە شياڭگاڭ ئاھالىلەر گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە، لېكىن تۇرۇش ھوقۇقى بولمىغان كىشىلەر.

**25 - ماددا** شياڭگاڭ ئاھالىلىرى قانۇن ئالدىدا باپ باراۋەر.

**26 - ماددا** شاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ دائىملىق ئاھالىسى قانۇن بويىچە سايلاش ھوقۇقىغا ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**27 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى سۆز، ئاخبارات، مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، كۆچ كۆرسىتىش ئەركىنلىكىگە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش، ئىش تاشلاش ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىكىگە ئىگە.

**28 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ. شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى خالىغانچە ياكى قانۇنسىز قولغا ئېلىنمايدۇ، تۇتۇپ تۇرۇلمايدۇ، قامالمايدۇ. ئاھالىلەرنىڭ يېنىنى خالىغانچە ياكى قانۇنسىز ئاقتۇرۇش، ئاھالىلەرنى خالىغانچە ياكى قانۇنسىز يول بىلەن جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش ياكى چەكلەش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئاھالىلەرنى قاتتىق قىيناقا ئېلىش، خالىغانچە ياكى قانۇنسىز ھالدا ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**29 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ قورۇ - جايى ۋە ئىمارەتلىرى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ. ئاھالىلارنىڭ قورۇ - جايى ۋە باشقا ئىمارەتلىرىنى خالىغانچە ياكى قانۇنسىز ئاقتۇرۇش ۋە ئۇلارغا خالىغانچە ياكى قانۇنسىز باستۇرۇپ كىرىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**30 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ خەت - ئالاقە ئەركىنلىكى ۋە خەت - ئالاقە مەخپىيىتى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن، ئالاقىدار ئورگانلار خەت - ئالاقىلارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەت بويىچە تەكشۈرگەندىن باشقا، ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن ئاھالىلەرنىڭ خەت - ئالاقە ئەركىنلىكىگە ۋە خەت - ئالاقە مەخپىيىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**31 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە كۆچۈش ئەركىنلىكىگە، باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى ساياھەت قىلىش ۋە چېگرىدىن كىرىش - چىقىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئىناۋەتلىك ساياھەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار قانۇن بويىچە توسۇپ قويۇلمىسىلا، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدىن ئالاھىدە تەستىق ئالماي ئىختىيارىي چىقىپ كېتەلەيدۇ.

**32 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە.

شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئاشكارا دىن تارقىتىش ۋە دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈش ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

**33 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى كەسىپ تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

**34 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە باشقا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

**35 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى مەخپىي يول بىلەن قانۇنىي مەسلىھەت ئېلىشقا، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ۋاقتىدا قوغداپ قېلىش ياكى سوتتا ئۆزىگە ۋەكالەتچى قىلىش ئۈچۈن ئادۋوكات تاللاشقا ۋە قانۇن بويىچە تۆلەم ئېلىشقا ھوقۇقلۇق.

شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى مەمۇرىي تارماقلار ۋە مەمۇرىي خادىملارنىڭ قىلمىشى ئۈستىدە سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**36 - ماددا** شىياڭگاڭ ئاھالىلىرى قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتى ۋە پېنسىيە كاپالىتى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ.

37 - **ماددا** شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى ۋە ئىختىيارىي پەرزەنت كۆرۈش هوقۇقى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ.

38 - **ماددا** شياڭگاڭ ئاھالىلىرى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان باشقا هوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

39 - **ماددا** «پۇقرالىق هوقۇقىغا ۋە سىياسىي هوقۇققا دائىر خەلقئارا ئەھدىنامە»، «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي هوقۇققا ۋە مەدەنىيەت هوقۇقىغا دائىر خەلقئارا ئەھدىنامە» ۋە خەلقئارا ئىشچىلار ئەھدىنامىسىنىڭ شياڭگاڭغا باپ كېلىدىغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئۇلار شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ.

شياڭگاڭ ئاھالىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان هوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن قانۇن بويىچە بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرىدىن باشقىلىرىغا چەك قويۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق چەك مۇشۇ ماددىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

40 - **ماددا** ئەسلىدىكى «يېڭى پاسىل» ئاھالىسىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ئەنئەنىۋى هوقۇق-مەنپەئەتى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

41 - **ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى چېگرىسى ئىچىدىكى شياڭگاڭ ئاھالىلىرىدىن باشقا كىشىلەر مۇشۇ بابتا بەلگىلەنگەن شياڭگاڭ ئاھالىلىرىگە خاس هوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدۇ.

42 - **ماددا** شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ۋە شياڭگاڭدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

## تۆتىنچى باب سىياسىي تۈزۈلمە

### 1 - پاراگراف مەمۇرىي رايون باشلىقى

43 - **ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقىدۇر، ئۇ شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتى ۋە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

44 - **ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقلىقىنى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ 40 ياشقا تولغان، شياڭگاڭدا ئادەتتە ئۇدا ئولتۇراقلاشقىنىغا 20 يىل بولغان ھەمدە چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىش هوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقراسى ئۈستىگە ئالىدۇ.

45 - **ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە سايلام ئۆتكۈزۈش ياكى كېڭىشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

مەمۇرىي رايون باشلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە تەرتىپ بىلەن تەدرىجى ئىلگىرىلەش ئاساسىدا ئىش كۆرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، ئاخىرىدا كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە نامزات كۆرسىتىش كومىتېتى دېموكراتىك تەرتىپ بويىچە نامزات كۆرسەتكەندىن كېيىن ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

مەمۇرىي رايون باشلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ كونكرېت چارىسى 1 - قوشۇمچە ھۆججەت — «شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى» دە بەلگىلىنىدۇ.

**46 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ، ئۇدا پەقەت بىر قېتىم ۋەزىپە ئۆتەشكە بولىدۇ.

**47 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆز ۋەزىپىسىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىشى لازىم.

مەمۇرىي رايون باشلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن چاغدا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسىغا ئۆز مال - مۈلكىنى مەلۇم قىلىشى ۋە ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم.

**48 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى تۆۋەندىكى ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلىدۇ؛

(2) مۇشۇ قانۇننى ۋە مۇشۇ قانۇن بويىچە شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونغا باب كېلىدىغان باشقا قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛

(3) قانۇن كېڭىشى ماقۇللىغان قانۇن لايىھىلىرىگە ئىمزا قويىدۇ، قانۇنلارنى ئېلان قىلىدۇ؛

قانۇن كېڭىشى ماقۇللىغان مالىيە خام چوت لايىھىسىگە ئىمزا قويىدۇ، مالىيە خام چوتى، ئەقچوتىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛

(4) ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلىدۇ؛

(5) تۆۋەندىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنىڭ نامزاتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلەپ بېرىشىگە يوللايدۇ: ھەر قايسى مەھكىمىلەرنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى، پاكلىق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، چېگرىدىن كىرىش ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تاموژنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ؛

(6) قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتچىلىرىنى تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ؛

(7) قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە ئاساسەن مەسئۇل ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ؛

(8) مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا چىقارغان بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ؛

(9) شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن، مەركەز بەرگەن ھو-

قوق دائىرىسىدىكى تاشقى ئىشلارنى ۋە باشقا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(10) قانۇن كېڭىشىگە بېرىلىدىغان مالىيە كىرىمى ياكى چىقىمغا ئالاقىدار تەكالىپلەرنى تەستىقلايدۇ؛

(11) خەۋپسىزلىكنى ۋە چوڭ - چوڭ جامائەت مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش ئاساسىدا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ياكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل باشقا خادىملارنىڭ قانۇن كېڭىشى ياكى ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى كومىتېتلار ئالدىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكىنى ۋە ئۇلارغا دەلىل-ئىسپات بېرىش - بەرمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ؛

(12) جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە بېرىلگەن جىنايى جازانى كەچۈرۈم قىلىدۇ ياكى يېنىكلىتىلىدۇ؛

(13) تەلەپ قويۇش، ئەرز قىلىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**49 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى قانۇن كېڭىشى ماقۇللىغان قانۇن لايىھەسىنى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارىسا، بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئۈچ ئاي ئىچىدە قانۇن كېڭىشىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا قايتۇرىدۇ. قانۇن كېڭىشى ئەسلىدىكى لايىھەنى قانۇن كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنە ماقۇللىغان بولسا، مەمۇرىي رايون باشلىقى ئۇنى بىر ئاي ئىچىدە ئىمزا قويۇپ ئېلان قىلىشى ياكى مۇشۇ قانۇننىڭ 50 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى شەرت.

**50 - ماددا** ئەگەر شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى قانۇن كېڭىشى قايتا ماقۇللىغان قانۇن لايىھىسىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلسا ياكى قانۇن كېڭىشى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان مالىيە خام چوت لايىھەسىنى ياكى باشقا مۇھىم قانۇن لايىھەلىرىنى ماقۇللاشنى رەت قىلسا، كېڭىشىش ئارقىلىقمۇ پىكىر بىرلىكىگە كەلمىسە، مەمۇرىي رايون باشلىقى قانۇن كېڭىشىنى تارقىتىۋەتسە بولىدۇ.

مەمۇرىي رايون باشلىقى قانۇن كېڭىشىنى تارقىتىۋېتىشتىن بۇرۇن مەمۇرىي كېڭەشنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. مەمۇرىي رايون باشلىقى بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە قانۇن كېڭىشىنى بىر قېتىم تارقىتىۋېتەلەيدۇ.

**51 - ماددا** ئەگەر شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان مالىيە خام چوت لايىھەسىنى تەستىقلاشنى رەت قىلسا، مەمۇرىي رايون باشلىقى قانۇن كېڭىشىگە ۋاقىتلىق پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئەگەر قانۇن كېڭىشى تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن پۇل ئاجرىتىشنى تەستىقلاش مۇمكىن بولمىسا، مەمۇرىي رايون باشلىقى يېڭى قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىنىش ئالدىدىكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئالدىنقى مالىيە يىلىدىكى چىقىم ئۆلچىمى بويىچە، ۋاقىتنىچە قىسقا مۇددەتلىك پۇل ئاجرىتىشنى تەستىقلىسا بولىدۇ.

**52 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى كۆرۈلسە خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشى شەرت:

(1) ئېغىر كېسەل بولۇپ قالسا ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتەش ئىقتىدارىدىن قالسا؛

(2) قانۇن كېڭىشى ماقۇللىغان قانۇن لايىھىسىگە ئىمزا قويۇشنى ئىككى قېتىم رەت قىلىپ قانۇن كېڭىشىنى تارقىتىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا قايتىدىن سايلانغان قانۇن كېڭىشى تالاش -

تارتىشتا قالغان ئەسلىدىكى لايىھەنى ئۆچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ئەزالىق قوشۇلۇشى بىلەن يەنە ماقۇللىغان بولسىمۇ، مەمۇرىي رايون باشلىقى ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇشنى يەنىلا رەت قىلغان بولسا؛

(3) قانۇن كېڭىشى مالىيە خام چوت لايىھەسىنى ياكى باشقا مۇھىم قانۇن لايىھەلىرىنى ماقۇللاشنى رەت قىلغانلىق تۈپەيلىدىن قانۇن كېڭەشى تارقىتىۋېتىلگەن، قايتىدىن سايلانغان قانۇن كېڭىشىمۇ تالاش - تارتىشتا قالغان ئەسلىدىكى لايىھەنى ماقۇللاشنى داۋاملىق رەت قىلغان بولسا.

**53 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى ۋەزىپىسىنى قىسقا مۇددەت ئادا قىلالمىغان چاغدا، مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى، مالىيە مەھكىمىسى باشلىقى، قانۇن مەھكىمىسى باشلىقى تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرىدۇ.

مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، ئالتە ئاي ئىچىدە مۇشۇ قانۇننىڭ 45 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يېڭى مەمۇرىي رايون باشلىقى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ ئورنى بوش قالغان مەزگىلدە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن ئۆتەپ تۇرۇش ئىشى يۇقىرىقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ.

**54 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي كېڭىشى — مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ تەدبىر كۆرۈشكە ياردەملىشىدىغان ئورگان.

**55 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ ئەزالىرىنى مەمۇرىي رايون باشلىقى مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار، قانۇن كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى ئىچىدىن تەيىنلەيدۇ، ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى مەمۇرىي رايون باشلىقى بەلگىلەيدۇ. مەمۇرىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۇلارنى تەيىنلىگەن مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىنى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىش هوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالىدۇ.

مەمۇرىي رايون باشلىقى زۆرۈر تاپقاندا، ئالاقىدار ئەربابلارنى كېڭەشكە سىرتتىن قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

**56 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي كېڭىشىگە مەمۇرىي رايون باشلىقى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

مەمۇرىي رايون باشلىقى مۇھىم سىياسەتلەرنى چىقىرىش، قانۇن لايىھەسىنى قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە سۇنۇش، بېقىنما نىزاملارنى تۈزۈش ۋە قانۇن كېڭىشىنى تارقىتىۋېتىش ئالدىدا، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ پىكرىنى ئېلىشى شەرت، لېكىن خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، ئىنتىزام جازاسى بېرىش ۋە جىددىي ئەھۋال ئاستىدا تەدبىر قوللىنىش بۇنىڭ سىرتىدا.

مەمۇرىي رايون باشلىقى مەمۇرىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرىنى خاتىرىگە ئېلىپ قويۇشى كېرەك.

**57 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوندا پاكلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇ خىزمەتنى ئۆز ئالدىغا ئىشلەيدۇ ۋە مەمۇرىي رايون باشلىقى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

58 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا مۇپەتتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇ خىزمىتىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلەيدۇ ۋە مەمۇرىي رايون باشلىقى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

## 2 - پاراگراف مەمۇرىي ئورگان

59 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى — شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى.

60 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى — شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىقى.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىدە مەمۇرىي مەھكىمە، مالىيە مەھكىمىسى، قانۇن مەھكىمىسى ۋە ئىدارىلەر، باشقارمىلار، مۇپەتتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ.

61 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىقىنى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ شىياڭگاڭدا ئادەتتە ئۇدا ئولتۇراقلاشقىنىغا 15 يىل بولغان ھەم چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالىدۇ.

62 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) سىياسەتلەرنى تۈزىدۇ ھەم ئىجرا قىلىدۇ؛

(2) تۈرلۈك مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ؛

(3) مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن ھوقۇق دائىرىسىدىكى تاشقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(4) مالىيە خام چوتى ۋە نەق چوتىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەم ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛

(5) قانۇن لايىھىسى، تەكلىپ لايىھىسى، بېقىنما نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەم ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛

(6) قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە سىرتتىن قاتنىشىشقا ۋە ئۇنىڭدا ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن سۆز قىلىشقا ئەمەلدار ئەۋەتىدۇ؛

63 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار ئەيىبلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇ ھېچقانداق مۇداخىلىگە ئۇچرىمايدۇ.

64 - ماددا شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك؛ قانۇن كېڭىشى ماقۇللىغان ۋە كۈچكە ئىگە بولغان قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشى كېرەك؛ ھۆكۈمەت ئىشلىرى توغرىسىدا قانۇن كېڭىشىگە قەرەللىك دوكلات بېرىپ تۇرۇشى كېرەك؛ قانۇن كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشى كېرەك؛ باج ئېلىش ئىشى ۋە جامائەت چىقىمىدا قانۇن كېڭىشىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك.

65 - ماددا مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەسلىھەتچىلىك تەشكىلاتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئەسلىدىكى تۈزۈم داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىدۇ.

## 3 - پاراگراف قانۇن چىقىرىش ئورگىنى

**66 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدۇر.

**67 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىش هوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەمما، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولمىغان دائىملىق ئاھالىلىرى ۋە شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىش هوقۇقى بولغان دائىملىق ئاھالىلىرىمۇ شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى قانۇن كېڭىشىنىڭ بارلىق ئەزاسىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**68 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

قانۇن كېڭىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە تەرتىپ بويىچە تەدرىجى ئىلگىرىلەش ئاساسىدا ئىش كۆرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، ئاخىرىدا بارلىق ئەزالارنى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

قانۇن كېڭىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ كونكرېت چارىسى ۋە قانۇن لايىھەلىرى، تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش تەرتىپى 2 - قوشۇمچە ھۆججەت — «شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى ۋە ئاۋازغا قويۇش تەرتىپى» دە بەلگىلىنىدۇ.

**69 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى ئىككى يىل بولغاندىن باشقا، قالغان ھەر نۆۋەتلىكىنىڭ ۋەكالەت مۇددىتى تۆت يىل بولىدۇ.

**70 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى مەمۇرىي رايون باشلىقى تەرىپىدىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىۋېتىلگەن بولسا، ئۈچ ئاي ئىچىدە مۇشۇ قانۇننىڭ 68 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سايلام ئارقىلىق يېڭىباشتىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك.

**71 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنىڭ رەئىسى قانۇن كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىنى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ 40 ياشقا تولغان، شىياڭگاڭدا ئادەتتە ئۇدا ئولتۇراقلاشقىنىغا 20 يىل بولغان ھەمدە چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىش هوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۆتەيدۇ.

**72 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنىڭ رەئىسى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) يىغىنلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛

(2) ئىش تەرتىپىنى قارار قىلىدۇ، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەلىرى ئاۋۋال

ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈشى لازىم؛

(3) يىغىن ئۆچىش ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ؛

(4) يىغىنلار ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتا پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرسا بولىدۇ؛

(5) مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ تەلىپى بويىچە جىددىي يىغىن چاقىرىدۇ؛

(6) قانۇن كېڭىشىنىڭ ئىش قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن باشقا هوقۇقلار.

**73 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭىشى تۆۋەندىكى هوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، تۈزىتىدۇ ۋە بىكار قىلىدۇ؛

(2) هۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپكە ئاساسەن، مالىيە خام چوتىنى تەكشۈرىدۇ، ماقۇللايدۇ؛

(3) باج ۋە جامائەت چىقىملىرىنى تەستىقلايدۇ؛

(4) مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ هۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ؛

(5) هۆكۈمەت خىزمىتى ئۈستىدە سوئال قويىدۇ؛

(6) جامائەت مەنپەئىتىگە ئالاقىدار ھەر قانداق مەسىلە ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ؛

(7) ئاخىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسىنى ۋە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزىدۇ؛

(8) شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(9) قانۇن كېڭىشىدىكى بارلىق ئەزالاردىن تۆتتىن بىرى بىرلىشىپ تەكلىپ قويۇپ، مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان ياكى خىزمەتتە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولسىمۇ ئىستىپا بەرمىگەنلىكى ئۈستىدە شىكايەت قىلسا، قانۇن كېڭىشىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، قانۇن كېڭىشى ئاخىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسىغا مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىل قىلىشقا مەسئۇل بولۇشنى ھەمدە ئۇنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇشى ھەمدە قانۇن كېڭىشىگە دوكلات بېرىشى لازىم. ئەگەر تەكشۈرۈش ھەيئىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان شىكايەتنى شەكىللەندۈرگەن دەلىل - ئىسپاتلار تولۇق دەپ قارىسا، قانۇن كېڭىشىدىكى پۈتۈن ئەزالارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن ئارتۇقىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ئەيىبلەپ، مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتىنىڭ قارار قىلىشىغا مەلۇم قىلسا بولىدۇ؛

(10) يۇقىرىدىكى هوقۇقلارنى يۈرگۈزگەندە زۆرۈر تېپىلسا، ئالاقىدار ئەربابلارنى يىغىنغا قاتنىشىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈشكە ۋە دەلىل - ئىسپات بېرىشكە چاقىرسا بولىدۇ.

**74 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئوتتۇرىغا قويىدىغان قانۇن لايىھەلىرىدىن جامائەت چىقىملىرىغا ياكى سىياسىي تۈزۈلمىگە ۋە ياكى هۆكۈمەت پائالىيەتلىرىگە چېتىلمايدىغانلىرىنى قانۇن كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى ئايرىم ياكى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. هۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە چېتىلىدىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئاۋۋال مەمۇرىي

رايون باشلىقىنىڭ يازما ماقۇللۇقىنى ئېلىش شەرت.

**75 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭەشىنىڭ يىغىن ئۆتكۈزۈشتىكى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانى بارلىق ئەزالارنىڭ يېرىمىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك.

قانۇن كېڭەشىنىڭ ئىش قائىدىسىنى قانۇن كېڭەشى ئۆزى تۈزۈپ چىقىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇشۇ قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

**76 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇن كېڭەشى ماقۇللىغان قانۇن لايىھەلىرى مەمۇرىي رايون باشلىقىنىڭ ئىمزا قويۇپ ئېلان قىلىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**77 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭەشى ئەزالىرىنىڭ قانۇن كېڭەشى يىغىنىدا قىلغان سۆزلىرى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

**78 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭەشىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقاندا ۋە يىغىنغا كېتىۋاتقاندا قولغا ئېلىنمايدۇ.

**79 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قانۇن كېڭەشى ئەزالىرىدا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، قانۇن كېڭەشىنىڭ رەئىسى ئۇنىڭ قانۇن كېڭەشىنىڭ ئەزاسىلىق لاياقىتىدىن قالغانلىقىنى جاكارلايدۇ:

(1) ئېغىر كېسەل ياكى باشقا ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغانلار؛

(2) قانۇن كېڭەشى رەئىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، يىغىنغا ئۇدا ئۈچ ئاي قاتناشمىغان ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلەر؛

(3) شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ دائىملىق ئاھالىسىلىق سالاھىيىتىنى يوقاتقان ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلەر؛

(4) ھۆكۈمەتنىڭ تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ قالغانلار؛

(5) ۋەيران بولغان ياكى سوت تەرىپىدىن قەرز قايتۇرۇش كېسىم قىلىنغان، ئەمما ئۇنى ئادا قىلمىغانلار؛

(6) شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا ياكى رايون سىرتىدا جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ھۆكۈم قىلىنىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق قاماپ قويۇش جازاسى بېرىلگەن ھەمدە قانۇن كېڭەشىنىڭ يىغىنغا قاتناشقان ئەزالاردىن ئۈچتىن ئىككىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلار؛

(7) قىلىقسىزلىق قىلغانلىقى ياكى قەسەمگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قانۇن كېڭەشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان ئەزالىرىدىن ئۈچتىن ئىككىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئەيىبلەنگەنلەر.

## 4 - پاراگراف ئەدلىيە ئورگانلىرى

**80 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىدۇر، ئۇلار شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

**81 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرى رايونىدا ئاخىرقى سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم كېسىم مەھكىمىسى، سوت كوللېگىيىسى ۋە باشقا مەخسۇس سوت كوللېگىيىلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. يۇقىرى

سوت مەھكىمىسىدە نارازىلىق ئەرز سوت كوللېگىيىسى ۋە دەسلەپكى دەۋا سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنىدۇ.

شىياڭگاڭدا يولغا قويۇلۇپ كەلگەن ئەسلىدىكى ئەدلىيە تۈزۈلمىسىدىن، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ئاخىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن ئۆزگىرىش بولغانلىرىدىن باشقىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**82 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاخىرىدا قاراپ چىقىش ھوقۇقى شاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ئاخىرقى سوت مەھكىمىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئاخىرقى سوت مەھكىمىسى ئېھتىياجغا قاراپ، ئومۇمىي قانۇن تەدبىق قىلىنىدىغان باشقا رايونلاردىكى سوتچىلارنى سوتقاقاتنىشىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

**83 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

**84 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ئەنزىلەرنى مۇشۇ قانۇننىڭ 18 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن، شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايوندا تەدبىق قىلىنىدىغان قانۇنلار بويىچە سوتلايدۇ، ئومۇمىي قانۇن تەتبىق قىلىنىدىغان باشقا رايونلارنىڭ سوت ئۆرنەكلىرىدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

**85 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسى مۇستەقىل سوت قىلىدۇ، ھېچقانداق مۇداخىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ سوت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

**86 - ماددا** شىياڭگاڭدا يولغا قويۇلۇپ كەلگەن ئەسلىدىكى زاسىداتېللىق تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپلىرى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**87 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا ئىشلىرى ۋە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرىدا شىياڭگاڭدا تەدبىق قىلىنىپ كەلگەن ئەسلىدىكى پرىنسىپلار ۋە دەۋالاشقۇچىلار بەھرىمەن بولىدىغان ئەسلىدىكى ھوقۇقلار ساقلاپ قېلىنىدۇ.

ھەر قانداق كىشى قانۇنلۇق قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئادىل سوتلىشىنى بالدۇرراق قوبۇل قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەدلىيە ئورگىنى جىنايىتى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى گۇناھسىز دەپ قىياس قىلىنىدۇ.

**88 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرى شۇ يەردىكى سوتچىلار ۋە قانۇن ساھەسىدىكىلەر ھەم باشقا ساھەلەردىكى مەشھۇر زاتلاردىن تەركىب تاپقان مۇستەقىل كومىتېتنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مەمۇرىي رايون باشلىقى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

**89 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرى ۋەزىپە ئۆتەش ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى قىلىقسىزلىك قىلغان ئەھۋال ئاستىدىلا، ئۇلارنى مەمۇرىي رايون باشلىقى ئاخىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى تەيىنلىگەن ۋە كەم دېگەندە ئۈچ نەپەر يەرلىك سوتچىدىن تەركىب تاپقان سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە ۋەزىپىدىن قالدۇرسا بولىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ئاخىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى ۋەزىپە ئۆتەش ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى قىلىقسىزلىق قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، مەمۇرىي رايون باشلىقى كەم دېگەندە بەش نەپەر يەرلىك سوتچىدىن تەركىب تاپقان سوت كوللېگىيىسىنى تە-

يىنلەپ قاراپ چىقسا ھەمدە مۇشۇ كوللېگىيىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەگەن تەرتىپ بويىچە ئۇنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇسا بولىدۇ.

**90 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىلىقىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىلىرى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۆتەيدۇ.

مۇشۇ قانۇننىڭ 88 - ۋە 89 - ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەردىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرىنى ۋە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا، ئاپتونوم رايون باشلىقى يەنە قانۇن كېڭىشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

**91 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى سوتچىلاردىن باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئەسلىدىكى تۈزۈم داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**92 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتچىلىرى ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرى ئۆزىنىڭ ئەدلىيە ۋە كەسپىي ئىقتىدارىغا قاراپ تاللاپ ئىشقا قويۇلۇشى كېرەك، ئۇلارنى ئومۇمىي قانۇن تەدبىق قىلىنىدىغان باشقا رايونلاردىن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**93 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن سوتچىلار ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرى ئۆز ئورنىدا قېلىپ ئىشلەۋەرسە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ستاژى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئىش ھەققى، ياردەم پۇلى، پاراۋانلىق تەمىناتى ۋە خىزمەت شارائىتى ئەسلىدىكى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولمايدۇ.

پېنسىيىگە چىققان ياكى بەلگىلىمىگە مۇۋاپىق كېلەپ خىزمەتتىن ئايرىلىدىغان سوتچىلار ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پېنسىيىگە چىققان ياكى خىزمەتتىن ئايرىلغانلارنىڭ پېنسىيە پۇلى، ھەققى، ياردەم پۇلى ۋە پاراۋانلىق راسخوتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ئولتۇرۇشلۇق جايىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەي، بۇرۇنقى ئۆلچەم بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىدۇ.

**94 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان چارىلەردىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ئادۋوكاتلار ۋە سىرتتىن كەلگەن ئادۋوكاتلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خىزمىتى ۋە كەسپىگە دائىر بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

**95 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، ئەدلىيە جەھەتتە قانۇن بويىچە ئالاقە باغلىسا ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلاشسا بولىدۇ.

**96 - ماددا** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى ياكى ھوقۇق بېرىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى چەت ئەللەر بىلەن ئەدلىيە جەھەتتە ئۆز ئارا ياردەملىشىش مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

## 5 - پاراگراف رايونلۇق تەشكىلاتلار

**97 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رايونلارنى باشقۇرىدىغان ۋە باشقا ئىشلارغا دائىر مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمەتچىلىككە مەسئۇل بولىدىغان، ھاكىمىيەت تۈسىنى ئالمىغان رايونلۇق تەشكىلات تەسىس قىلىنسا بولىدۇ.

**98 - ماددا** رايونلۇق تەشكىلاتنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە تەشكىللىنىش چارىسى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

## 6 - پاراگراف ھۆكۈمەت خادىملىرى

**99 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىملىق ئاھالىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. مۇشۇ قانۇننىڭ 101 - ماددىسىدا باشقىچە بەلگىلەنگەن چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەلۇم بىر ۋەزىپە دەرىجىسىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر بۇ چەككە كىرمەيدۇ.

ھۆكۈمەت خادىملىرى خىزمىتىگە سادىق بولۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

**100 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا، جۈملىدىن ساقچى تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا ئىشلەۋېرىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ستاژى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئىش ھەققى، قوشۇمچە ياردەم پۇلى، پاراۋانلىق تەمىناتى ۋە خىزمەت شارائىتى ئەسلىدىكى ئۆلچەمدىكىدىن تۆۋەن بولمايدۇ.

**101 - ماددا** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىچىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىملىق ئاھالە كىنىشكىسىنى ئالغان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋە باشقا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئەربابلارنى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خادىملىرى قاتارىدا ئىشلەتسە بولىدۇ، لېكىن تۆۋەندىكى ھەر قايسى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىدىن بولۇشى كېرەك. بۇلار: ھەر قايسى مەھكىمىلەرنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ھەر قايسى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى، پاكلىق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى، مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، چېگرىدىن كىرىش ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تاموژنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋە باشقا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئەربابلارنى تەكلىپ قىلىپ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە قويسا بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، لاياقەتلىك خادىملارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن، باشقا جايلاردىن تەكلىپ قىلىپ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ كەسپىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرىگە قويسىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئەربابلار تەكلىپنى پەقەت شەخسىي نامى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-

لۇق هۆکۇمەتی ئالدىدا جاۋابکار بولىدۇ.

**102 - ماددا** پېنسىيىگە چىقىدىغان یاکی بەلگىلىمىگە مۇۋاپىق کېلىپ خىزمىتىدىن ئايرى-لىدىغان هۆکۇمەت خادىملىرى، جۇملىدىن شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پېنسىيىگە چىققان یاکی بەلگىلىمە بويىچە خىزمىتىدىن ئايرىلغان هۆکۇمەت خادىملىرىنىڭ ئېلىشقا تېگىش-لىك پېنسىيە پۇلى، هەققى، قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە پاراۋانلىق راسخوتىنى شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايون-لۇق هۆکۇمەتی ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ئولتۇرۇشلۇق جايىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەي، بۇرۇنقى ئۆلچەم بويىچە ئۆزلىرىگە یاکی ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىدۇ.

**103 - ماددا** هۆکۇمەت خادىملىرى ئۆز سالاهىيىتىگە، تەجرىبىسىگە ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويۇلىدۇ ۋە ئۆستۈرۈلىدۇ، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى خادىملارغا ئىمتىيازلىق تەمىنات بېرىشكە ئالاقىدار بەلگىلىمەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شیاڭگاڭنىڭ هۆکۇمەت خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىش، يالالاش، ئىناش، ئىنتىزامغا بويسۇندۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشقا دائىر بۇرۇنقى تۈزۈملىرى، جۇملىدىن هۆکۇمەت خادىملىرىنىڭ ئىشقا قويۇلۇشى، ئىش هەققى ۋە خىزمەت شا-رائىتىغا مەسئۇل مەخسۇس ئاپاراتلار ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**104 - ماددا** شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى، ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى، مەمۇرىي كېڭەش ئەزالىرى، قانۇن كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى هەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتچىلىرى ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرى خىزمەتكە كىرىشكەندە قانۇن بويىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنىنى هىمايە قىلىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىغا سادىق بو-لۇش هەققىدە قەسەم بېرىشى كېرەك.

## بەشىنچى باب ئىقتىساد

### 1 -پاراگراف مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، سودا ۋە سودا - سانائەت

**105 - ماددا** شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى شەخسلەرنىڭ ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش، ئۇنى ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىنى هەمدە شەخسنىڭ ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مال - مۈلكى قانۇن بويىچە ئېلىپ ئىشلە-تىلگەندە، شۇ مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسىنىڭ تۆلەم ئېلىش هوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

ئېلىپ ئىشلىتىلگەن شۇ مال - مۈلۈككە تۆلىنىدىغان تۆلەم شۇ مال - مۈلۈكنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي قىممىتىگە تەڭ بولۇشى كېرەك، ئۇنى ئىختىيارى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇكى، تۆ-لەمنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

كارخانىلارنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقى ۋە چەت ئەل مەبلىغى قانۇن بىلەن قوغدىلىدۇ.

**106 - ماددا** شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مالىيە جەهەتتىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالىدۇ.

شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى بارلىق مالىيە كىرىمىنى ئۆز ئېهتىياجى ئۈچۈن ئىش-لىتىدۇ، مەركىزىي خەلق هۆکۇمىتىگە تاپشۇرمايدۇ.

مەركىزىي خەلق هۆکۇمىتى شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدىن باج ئالمايدۇ.

**107 - ماددا** شیاڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرى رايونى ئۆزىنىڭ مالىيە خام چوتىدا كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىشنى پرىنسىپ قىلىدۇ، كىرىم بىلەن چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، قىزىل

رەقەم كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىدۇ ھەمدە مالىيە خام چوتىنى ئۆز يېرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتىگە ماسلاشتۇرىدۇ.

**108 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مۇستەقىل باج تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى شىياڭگاڭدا يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان تۆۋەن باج ئېلىش سىياسىتى بويىچە باج تۈرى، باج نىسبىتى، باج ئېلىشتا كەڭ بولۇش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش سىياستى بويىچە باج تۈرى، باج نىسبىتى، باج ئېلىشتا كەڭ بولۇش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئىشلىرىنى ۋە باشقا باج ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا قانۇن چىقىرىپ بەلگىلەيدۇ.

**109 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى شىياڭگاڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇش ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**110 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ پۇل ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى پۇل ۋە پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەپ، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنىڭ ۋە پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنىڭ تىجارەت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

**111 - ماددا** شىياڭگاڭ پۇلى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنىي پۇلى بولۇپ، داۋاملىق ئوبوروت قىلىنىدۇ.

شىياڭگاڭ پۇلىنى تارقىتىش ھوقۇقى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ بولىدۇ. شىياڭگاڭ پۇلىنى تارقىتىش ئۈچۈن يۈزدە يۈز زاپاس پۇل بولۇشى كېرەك. شىياڭگاڭ پۇلىنى تارقىتىش تۈزۈمى ۋە زاپاس پۇل تۈزۈمى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى شىياڭگاڭ پۇلىنى تارقىتىش ئاساسىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكى ۋە پۇل تارقىتىش ئىشىنىڭ شىياڭگاڭ پۇلىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ئايان بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بەلگىلەنگەن بانكىغا شىياڭگاڭ پۇلىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تارقىتىش ياكى داۋاملىق تارقىتىش ھوقۇقىنى بەرسە بولىدۇ.

**112 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا تاشقى پېرېۋوتنى تىزگىنلەش سىياسىتى يولغا قويۇلمايدۇ. شىياڭگاڭ پۇلى ئەركىن ئالماشتۇرۇلىدۇ. تاشقى پېرېۋوت، ئالتۇن، باھالىق چەك ۋە نېسى مال بازارلىرى داۋاملىق ئېچىلىدۇ.

شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش ۋە كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

**113 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ تاشقى پېرېۋوت فوندى شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ۋە ئىختىيارىدا بولىدۇ، ئۇ ئاساسەن شىياڭگاڭ پۇلىنىڭ پېرېۋوت كۇرسىنى تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**114 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئەركىن پورت بولۇش ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ، چېگرا بېجى ئالمايدۇ، قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**115 - ماددا** شىياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدا ئەركىن سودا سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، مال، شەكىلسىز مال - مۈلۈك ۋە كاپىتالنى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**116 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى مۇستەقىل تاموژنا رايونى بولىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى «جۇڭگونىڭ شياڭگاڭ رايونى» دېگەن نام بىلەن «تاموژنا ۋە سودىغا دائىر ئومۇمىي كېلىشىم»، خەلقئاراتوقۇلما بۇيۇملار سودىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا ئالاقىدار خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ۋە خەلقئارا سودا كېلىشىملىرىگە، جۈملىدىن ئالاھىدە مەنپەئەتلىك سودا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاتناشسا بولىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئېرىشكەن ۋە ئىلگىرى ئېرىشىپ داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان ئېكسپورت ھەسسىسىدىن، تاموژنا جەھەتتىكى ئالاھىدە مەنپەئەتتىن ۋە كېلىشكەن شۇ خىلدىكى باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.

**117 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئەينى زاماندا مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايى توغرىسىدا بەلگىلەنگەن قائىدە بويىچە، شۇ مەھسۇلاتلار ئۈچۈن مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان جايىنى ئىسپاتلاش قەغىزى تارقىتىدۇ.

**118 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي مۇھىت ھازىرلاپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارغا مەبلەغ سېلىشقا، تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە يېڭى كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

**119 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى مۇۋاپىق سىياسەت بەلگىلەپ، ماشىنسازلىق، سودا، ساياھەتچىلىك، ئۆي - زېمىن كەسپى، ترانسپورت، جامائەت ئىشلىرى، مۇلازىمەتچىلىك ۋە بېلىقچىلىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ ھەمدە مۇھىتنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## 2 - پاراگراف يەر توختامى

**120 - ماددا** شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تەستىقلانغان، قاراردىن ئۆتكۈزۈلگەن ياكى قەرەللى 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 كۈنىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بارلىق يەر توختاملىرى ۋە شۇ يەر توختاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى بويىچە داۋاملىق ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ.

**121 - ماددا** 1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە تەستىقلانغان ياكى ئەسلىدە قەرەلىنى ئۇزارتىش ھوقۇقى بېرىلمىگەن بولسىمۇ قەرەلى ئۇزارتىلغان، قەرەلى 1997- يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، ئەمما 2047 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئېشىپ كەتمەيدىغان بارلىق يەر توختاملىرىدىكى يەرلەردىن ئىجارە ئالغۇچىدىن 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ يەر ھەققى تولۇقلاپ ئېلىنمايدۇ. لېكىن ھەر يىلى شۇ يەردىن شۇ كۈنى ئېلىنىدىغان باج مۆلچەرىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىگە تەڭ ئىجارە ھەققى ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىجارە ھەققى ئىجارە قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ تەڭشىلىدۇ.

**122 - ماددا** كونا توختام بويىچە تەستىقلانغان يەرلەر، يېزىلاردىكى ئۆي ئورنى، جان بېقىشقا بېرىلگەن ئۆيلۈك يەرلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېزا يەرلىرىنى 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ياكى شۇ كۈندىن كېيىن تەستىقلانغان جان بېقىشقا

بېرىلگەن ئۆيلۈك يەرلەرنى ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئاتا جەمەتى 1898 - يىلى شياڭگاڭدا تۇرۇش-
لۇق كونا يېزا ئاھالىسىدىن بولسا، مەزكۇر يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئۆزى
بولسا ياكى ئۇنىڭ ئاتا جەمەت قانۇنىي ۋارىسى بولسا، ئەسلىدە بېكىتىلگەن ئىجارە ھەققى
ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

123 - ماددا شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇددىتى توشىدى-
غان، لېكىن قەرەلىنى ئۇزارتىش ھوقۇقى بېرىلمىگەن يەر توختاملىرىدىكى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە
مەمۇرىي رايونى ئۆز ئالدىغا قانۇن ۋە سىياسەت چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

### 3- پاراگراف دېڭىز ترانسپورتى

124 - ماددا شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى شياڭگاڭدا يولغا قويۇلۇپ كەلگەن
دېڭىز ترانسپورت تىجارىتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى، جۈملىدىن دېڭىزچىلارغا دائىر باشقۇرۇش
تۈزۈمىنى ساقلاپ قالىدۇ.

شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى دېڭىز ترانسپورتى جەھەتتىكى كونك-
رېت فونكسىيىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ.

125 - ماددا شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى ئۆزىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈ-
مىتى بەرگەن ھوقۇقىغا بىنائەن، پاراخوت - كېمىلەرنى تىزىملاش ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ھەم-
دە شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، «جۇڭگو شياڭگاڭ رايونى»
دېگەن نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلەرنى تارقىتىدۇ.

126 - ماددا چەت ئەل ھەربىي پاراخوتلىرى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى
تەۋەسىگە كىرمەكچى بولسا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتىنى ئالىدۇ، قالغان
پاراخوت - كېمىلەر شياڭگاڭ پورتىغا شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ قانۇنى بويىچە
كىرىپ چىقىدۇ.

127 - ماددا شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىدىكى خۇسۇسىي دېڭىز ترانسپورتى
ۋە دېڭىز ترانسپورتىغا مۇناسىۋەتلىك كارخانىلار ھەمدە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى توپ قاچى-
لىنىدىغان ساندۇق پىرىستانلىرى داۋاملىق ئەركىن تىجارەت ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

## جىنايەتچىلەرنى كوچا سۈپۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىش

ھازىر ئەنگلىيە بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك ئەنگلىيىنى پاكىزلاش تازىلىق ھەرىكىتىنى
قانات يايدۇرۇشقا تەييارلىق كۆرمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرلۈك تەدبىر — ياش جىنا-
يەتچىلەرنى كوچا سۈپۈرۈشكە بۇيرۇش.

بۇ يېڭى تەدبىرگە ئاساسەن، ئوغرىلىق جىنايىتى ۋە لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن
ياشلارغا سوت مەھكىمىسى كوچىغا چىقىپ ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈشكە، تاملاردىكى قالايمىقان يې-
زىلغان خەتلەرنى تازىلاشقا ھۆكۈم قىلسا بولىدىكەن.

غالىپ كېرەم تەرجىمىسى

## «تاماكىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەش قانۇنى» تۈزۈلمەكتە

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ «تاماكىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەش قانۇنى» تۈزۈلمەكتە ئىكەن.

دۆلىتىمىزدە ھازىر تاماكا چېكىدىغانلار 250 مىليون بولۇپ، تاماكىنىڭ زىيىنىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئۇچرايدىغانلار 700 مىليونغا يەتكەن ھەمدە داۋاملىق ئۆرلەش ئېھتىمالى بار. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزدە ئاھالىلارنىڭ يىللىق تاماكا سەرپ قىلىش مىقدارى دۇنيا بويىچە ئاھالىلارنىڭ يىللىق سەرپ قىلىش مىقدارىدىن 10% ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، دۇنيادا تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ۋە سەرپ قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان.

تۈزۈلۈۋاتقان «تاماكىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەش قانۇنى»نىڭ مەزمۇنى تاماكا چېكىش مەنئىي قىلىنىدىغان سورۇن ۋە بەلگىلىك ئادەملەر، تاماكا ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى تىزگىنلەش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە تەشۋىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئارمىيىمىزدە تۇنجى قېتىم ھەربىي ئىشلار قانۇن مەسلىھەتچىلىكى يولغا قويۇلدى

باش شتابنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ دىۋىزىيىدىن يۇقىرى قىسىملىرىدا ھەربىي ئىشلار قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان بولۇپ، تۇنجى تۈركۈمدە يۈزدىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇنشۇناسلىق بىلىملىرىگە ئىگە بولغان ھەربىيلەر ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە باش شتاب تەرىپىدىن تارقىتىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار قانۇن مەسلىھەتچىسى گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى ھەمدە ئارمىيە شتاتى تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ھەربىي ئىشلار قانۇن مەسلىھەتچىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىسىم رەھبەرلىرىگە مەمۇرىي باشقۇرۇش بويىچە قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىش، جۈملىدىن رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى قانۇنىي ئاساس ۋە پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەش، رەھبەرلەرنىڭ بەلگىلىشى ياكى ھاۋالە قىلىشى بىلەن تۈرلۈك قانۇنغا ئائىت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئورگان، قىسىم ۋە ئۇلارغا قاراشلىق خادىملارنى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، ئارمىيە ۋە ھەربىيلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش جۈملىدىن ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، قىسىمنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

(«قانۇن - تۈزۈمگە دائىر ماقالىلەردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 5 - سانىدىن)



# قانۇندا قايسى خىلدىكى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى چەكلىنىدۇ

دۆلىتىمىزدە، قايسى خىلدىكى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى چەكلىنىدىغانلىقى ھەققىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن چەكلەش: ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۆت پرىنسىپلارغا قارشى تۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئالاقىدار قانۇنلار، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن دۆلەت ئورگان خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتىگە خىلاپ بولغان يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى، ئۇسۇل جەھەتتىن چەكلەش: ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلاردا ئىلتىماس قىلىنغان يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىشنىڭ جامائەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى ياكى جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بېكىتىشكە تولۇق ئاساس بولغان بولسا، رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش تىنچ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. قورال - ياراق، تىغ ۋە پارتلاتقۇچ بۇيۇملارنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ، زورلۇق كۆچ كۆرسىتىشكە ياكى باشقىلارنى زورلۇق كۆچ ئىشلىتىشكە قۇترىتىشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، ۋاقىت جەھەتتىن چەكلەش: يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋاقىت ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت ئونغىچە بولىدۇ، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى قارار قىلغان ياكى تەستىقلىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

تۆتىنچى، رايون جەھەتتىن چەكلەش: يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى دۆلەت ئورگانلىرى، ھەربىي ئورگانلار، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىلىرى، كونسۇلخانىلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ياكى شۇ جايدىن ئۆتىدىغان بولسا، باشقۇرغۇچى ئورگانلار تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن ئېنىق دائىرىقا ۋاقىتلىق ئېھتىيات سىزىقى سىزسا بولىدۇ. خەلق ساقچىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ بۇ يەردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايلار، دۆلەت مېھمانلىرى چۈشكەن جايلار، مۇھىم ھەربىي مۇئەسسە ئورۇنلىرى، ئايرودروم، ۋوگزاللار ۋە پورتلار ئەتراپىدا ئون مېتىردىن 300 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە، نامايىش قىلىشقا، كۆچ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پۇقرالارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىن باشقا شەھەرلەردىكى پۇقرالارنى يىغىلىش

(ئاخىرى 26 - بەتتە)



# مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە لېكسىيە

## 8. مەمۇرى دەۋادىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگەن نېمە؟

مەمۇرىي دەۋادىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دېگىنىمىزدە، خەلق سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسى ئىچىدە بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنى سوت قىلىشنىڭ ئىش تەقسىماتىنى بېكىتىدىغان، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قەيەردىكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، ئەرزنى قايسى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدىغان قانۇنىي تۈزۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي دەۋادىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى، رايون بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى، باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش، باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىش، باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى يۆتكەش دەپ بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى. بۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى




---

ئۆتكۈزۈشكە، نامايىش قىلىشقا، كۆچ كۆرسىتىشكە قوزغىشىغا، ئۇيۇشتۇرۇشىغا ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

يۇقىرىقى چەكلەش خاراكتېرلىك ماددا - تارماقلارنى بەلگىلەشنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى ۋە بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش. ئاساسىي قانۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئاساسىي پرىنسىپ بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئاساسىمىز؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئىككىنچى، جامائەت بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىر تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىتقا، ياخشى جەمئىيەت تەرتىپىگە مۇھتاج. جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلاشسا نورمال بولغان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭدەك ھەر قانداق مۇۋاپىق تەلەپلەرنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ھەم يۇقىرىلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز ھەم جەمئىيەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەرتىپى، پەن - تەتقىقات تەرتىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغدىشىمىز لازىم.

ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆت دەرىجىگە بۆلۈنۈپ تەسىس قىلىنىدۇ. يەنى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ئىبارەت. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 13 - ماددىسىدىن 16 - ماددىسىغىچە بولغان ماددىلىرىدا تۆت دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنىڭ دائىرىسى ئېنىق، كونكرېت بەلگىلەنگەن.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 13 - ماددىسىدا «بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەر ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغان بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەردىن باشقا مەمۇرىي ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنۇلار كۆزدە تۇتۇلغان: بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىر قەدەر تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، مەمۇرىي دەۋادىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەمۇرىي دەۋا قىلىشىغا قولايلىق، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دەلىل - ئىسپات توپلاپ، مەمۇرىي جەھەتتىكى تالاش - تارتىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادىل بىر تەرەپ قىلىشىغا قولايلىق. ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، مەمۇرىي ئەنزىلەرنى سوت قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش قولايلىق. ئۈچىنچى، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ شۇ جايدىكى ئەنزە مەسىلىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 14 - ماددىسىدا، بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان بىر قىسىم مەمۇرىي ئەنزىلەر ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە دائىر ئەنزىلەر، تاموژنا تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزىلەر. بۇ خىل ئەنزىلەرنىڭ كەسپىيلىكى ۋە تېخنىكىلىقى ئومۇمەن بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق مەمۇرىي ئەنزىلەر بىر قەدەر چىگىش، مۇرەككەپ بولغاچقا، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ خىل مەمۇرىي ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى بىر قەدەر قىيىن. شۇڭا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە بېرىلگەندە، قانۇننى تەدبىقلاشتىكى بىردەكلىككە كاپالەتلىك قىلىشقا، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىگە كېپىللىك قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ.

(2) گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ياكى ئۆلكىلىك ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلىنغان

ئەنزىلەر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كونكرېت
مەمۇرىي ھەرىكەت كوۋۇيۇەنىنىڭ ھەر قايسى-
مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتو-
نوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق
ھۆكۈمەتلىرى بىۋاسىتە چىقارغان مەمۇرىي جازا
توغرىسىدىكى قارار ۋە باشقا مەمۇرىي جەھەت-
تىن بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى ھەم ئۇلار
چىقارغان ئەسلى كېسىمنى ئۆزگەرتىش ۋە ئە-
مەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قايتا قاراپ
چىقىش قارارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدا
بايان قىلىنغان مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ دەرىجىسى
بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كونكرېت
مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى، كەسىپ-
چانلىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇنى ئاساسىي قاتلام
خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققاندا قىيىنچىلىق
كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئوتتۇرا خەلق
سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقسا ئەنزىنىڭ توغ-
را، ۋاقتىدا ھەل قىلىنىشىغا پايدىلىق.

(3) ئۆز تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا يۈز
بەرگەن چوڭ، مۇرەككەپ ئەنزىلەر. «ئۆز تە-
ۋەلىكىدىكى رايونلار» دېگىنىمىزدە ئوتتۇرا
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋە-
لىكىدىكى رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلىتى-
مىزدە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تە-
سىس قىلىنىشى تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىن-
چى، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ۋىلايەت بو-
يىچە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكى-
مىسى؛ ئىككىنچى، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە
تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكى-
مىسى؛ ئۈچىنچى، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا قاراش-
لىق شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق
سوت مەھكىمىسى، تۆتىنچى، ئاپتونوم ئوبلاستتا
تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى.
ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ باشقۇ-
رۇش تەۋەلىكىدە بولغان رايونلاردىكى تەسىرى
چوڭ بولغان بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مە-
مۇرىي ئەنزىلەرنى باشقۇرىدۇ، بۇ پىرىنسىپاللىق
بىلەن جانلىقلىق بىرلەشتۈرۈلگەن بەلگىلىمىلەر-
دۇر. بۇ بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇلىدىغان
بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەر ئاد-
دەتتىكى مەمۇرىي ئەنزىلەر بولماستىن، بەلكى چوڭ،
مۇرەككەپ ئەنزىلەر بولىدۇ. پەقەت چوڭ، مۇرەككەپ
مەمۇرىي ئەنزە بولغاندىلا ئوتتۇرا خەلق سوت
مەھكىمىسى ئاندىن ئۇنى باشقۇرىدۇ. چوڭ، مۇرەك-
كەپ بولمىغان ئەنزىلەرنى ئاساسىي قاتلام
خەلق سوت مەھكىمىسى باشقۇرىدۇ. چوڭ، مۇ-
رەككەپ ئەنزىلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى،
سودا - سانائەت، باج قاتارلىق مەمۇرىي
تارماقلار بويىچە ئايرىلمايدۇ. ئەنزىنىڭ تە-
سىر دائىرىسى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى دائىرىسى-
دىن ھالقىپ كەتكەن ياكى ئەنزە ئەھۋالى
مۇرەككەپ بولغانلىلا بولسا ئوتتۇرا خەلق
سوت مەھكىمىسى باشقۇرسا بولىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا يۇقىرى خەلق
سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى
بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزى-
لەر ئۇستىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان.
مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىدا
«يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆز تەۋە-
لىكىدىكى رايونلاردا يۈز بەرگەن بىرىنچى
سوتتا قارىلىدىغان چوڭ، مۇرەككەپ مەمۇرىي
ئەنزىلەرنى باشقۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەز-
كۇر ماددىدىكى «ئۆز تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا
يۈز بەرگەن چوڭ، مۇرەككەپ مەمۇرىي ئەنزىلەر
دېگەن، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە
قاراشلىق شەھەر دائىرىسى ئىچىدىكى ئەنزە
ئەھۋالى ئېغىر، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، تە-
سىرى زور بولغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
بۇنداق مەمۇرىي ئەنزىلەر ئوتتۇرا خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىلگەندە، سوت قىلىشقا شۇنداقلا ھۆ-

كۇم ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا پايدى-
سىز. شۇڭا مەمۇرىي داۋا قانۇنىدا بۇنداق
مەمۇرىي ئەنزىلەر يۇقىرى خەلق سوت مەھ-
كىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىقى
بەلگىلەنگەن.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا ئالىي خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىن-
چى سوتتا قارىلىدىغان ئەنزىلەر ئۇستىدە ئې-
نىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. مەمۇرىي دەۋا
قانۇنىنىڭ 16 - ماددىسىدا: «پۈتۈن مەملى-
كەت مىقياسىدا يۈز بەرگەن، بىرىنچى سوت-
تا قارىلىدىغان چوڭ، مۇرەككەپ مەمۇرىي
ئەنزىلەر ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ» دەپ بەلگى-
لەنگەن. مەزكۇر بەلگىلىمىدە دېيىلگەن «پۈ-
تۈن مەملىكەت مىقياسىدا يۈز بەرگەن چوڭ،
مۇرەككەپ مەمۇرىي ئەنزىلەر» ئاساسلىقى پۈ-
تۈن مەملىكەت مىقياسىدا زور تەسىرى بولغان،
ئەنزىلەر؛ قانۇنغا ئاساسەن ئوخشىتىشنى تەدبىق-
لاش زۆرۈر بولغان ئەنزىلەر؛ خەلقئارادا
تەسىرى زور بولغان چەت ئەلگە چېتىشلىق
ئەنزىلەر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قانۇندىكى
بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالىي خەلق
سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى
بىرىنچى سوتتا قارىتىلغان مەمۇرىي ئەنزىلەر
بىر دەرىجىلىك سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ،
چىقارغان ھۆكۈم، كېسىملىرى ئاخىرقى ھۆكۈم،
كېسىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەۋالاشقۇچىلارغا
يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە
بولىدۇ.

2. رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەل-
كى. رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى
بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنى
ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى
ئىچىدە قايسى خەلق سوت مەھكىمىسى باش-
قۇرۇشنى بەلگىلەشنى كۆرسىتىدۇ يەنى خەلق
سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەلى-
كى بويىچە بەلگىلىنىدىغان باشقۇرۇش تەۋەلى-
كىنى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرى دەۋا قانۇنىنىڭ
17 - ماددىسىدىن 19 - ماددىسىغىچە بولغان
ماددىلىرىدا رايونلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋە-
لىكى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسىدا:
«مەمۇرىي ئەنزىلەر باشتا كونكرېت مەمۇرىي
ھەرىكەت قىلغان مەمۇرىي ئورگان تۇرۇشلۇق
جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇ-
رۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. قايتا قارالغان
ئەنزىلەردىن قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان
ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆز-
گەرتكەنلىرى قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان
تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمى-
سىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولسىمۇ بولىدۇ»
دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر ماددا خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ رايون بويىچە باشقۇرۇش تە-
ۋەلىكىگە چىقىرىلغان ئادەتتىكى بەلگىلىمىلەردۇر.
مەمۇرىي ئەنزىلەر باشتا كونكرېت مەمۇرىي
ھەرىكەت قىلغان مەمۇرىي ئورگان
تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ،
دېگەن بۇ سۆز ئۈچ خىل ئەھۋالنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، قانۇن بويىچە مەمۇ-
رىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشتىن ئۆتكۈ-
زۈلمەي بىۋاسىتە ئەرز قىلىنغان ئەنزىلەر؛
ئىككىنچى، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ
چىقىشتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، قايتا قاراپ
چىققۇچى ئورگان ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇ-
رىي ھەرىكەتنى ساقلاپ قالغان ئەنزىلەر باش-
تا مەمۇرىي ھەرىكەت قىلغان مەمۇرىي ئورگان
تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمى-
سىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، مەمۇ-
رىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشتىن ئۆتكۈ-
زۈلگەن، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئەس-
لىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئۆزگەرت-

كەن ئەنزە بولسا، دەۋاگەرلەر باشتا كونكې-
رېت مەمۇرىي ھەرىكەت قىلغان مەمۇرىي ئور-
گان تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكى-
مىسىگە ياكى قايتا قاراپ چىققان مەمۇرىي
ئورگان تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت
مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشنى تاللىۋالسا بولىدۇ.
بۇنداق بەلگىلەشتىكى سەۋەب شۇكى، باشتا
كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت قىلغان مەمۇرىي
ئورگان تۇرۇشلۇق جاينىڭ كۆپىنچىسى ھوقۇقتا
دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى سادىر
بولغان جاي بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەرز
قىلىنغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ سوتقا چىقىپ
ئەرزگە جاۋاب بېرىشىگە پايدىلىق؛ خەلق سوت
مەھكىمىلىرىنىڭ دەلىل - ئىسپات توپلاپ،
ئەنزىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا بىر تەرەپ
قىلىشىغا پايدىلىق؛ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
ھۆكۈم قىلىشى نەتىجىسىدە مەمۇرىي ئورگان
دەۋادا يېڭىلگەن بولۇپ، مەمۇرىي ئورگان
مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا، زىياننى تۆلەشكە
توغرا كەلگەندە، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا
پايدىلىق.

مەمۇرىي ئەنزىلەردىن قايتا قاراپ چىققۇچى
ئورگان ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرى-
كەتنى ئۆزگەرتكەنلىرى قايتا قاراپ چىققۇچى
ئورگان تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھ-
كىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىسىمۇ بو-
لىدۇ. بۇنداق جانلىق بەلگىلىمىنىڭ چىقىرىلى-
شىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، بۇنداق
بولغاندا پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا
تەشكىلاتلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى ئېلىپ بې-
رىشىغا پايدىلىق بولىدۇ، ئادەم كۈچى، ماد-
دى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى تېجەشكە پايدى-
لىق بولىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 18 - ماددىسى-
دا: «جىسمانىي ئەركىنلىككە چەك قويۇش يۈ-
زىسىدىن قوللىنىلغان مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەد-
بىرلىرىگە قايىل بولماي قىلىنغان دەۋالار دە-
ۋاگەر تۇرۇشلۇق جايدىكى ياكى جاۋابكار تۇ-
رۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ» دەپ بەلگى-
لەنگەن. بۇ ماددىدىكى بەلگىلىمىلەر رايون
بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە كىرىسىمۇ، لېكىن
ئۇ، ئادەتتىكى رايون بويىچە باشقۇرۇش تە-
ۋەلىكىگە ئوخشىمايدۇ. جىسمانىي ئەركىنلىككە
چەك قويۇش توغرىسىدىكى مەمۇرىي ئەنزىلەر-
دە، دەۋاگەر ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جاي-
دىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە
باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بولىدۇ. خەلق
سوت مەھكىمىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ
خىل باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئورتاق رايون بو-
يىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.
يەنى دەۋاگەر ئاشۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرى-
دىن بىرىنى تاللاپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ-
دا ئاساسلىقى بەزى جىسمانىي ئەركىنلىككە
چەك قويۇش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان مەمۇرىي
مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ئو-
رۇن بىلەن مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى
چىقارغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۇرۇشلۇق جايى
ئوخشاش بىر مەمۇرىي رايوندا بولمىغاندا يا-
كى بەزى مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى
ئارقىلىق جىسمانىي ئەركىنلىكى چەكلەنگەن
پۇقرالارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بىلەن مەمۇرىي
مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى چىقارغان مەمۇرىي
ئورگاننىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئوخشاش بىر مە-
مۇرىي رايوندا بولمىغاندا، پۇقرالارنىڭ دەۋا
قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ
ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان. مەسىلەن، ئا×
نىڭ ئۆيى سانجى شەھرىدە بولۇپ، ئۇ ئۈر-
ۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونىدىكى تاغىسى-
نىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ۋېلىسىپىت
ئوغرىلاش قىلمىشىنى سادىر قىلغان. ئۈرۈمچى
شەھەرلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش كومى-

郑

司法务业

ئېتى ئا× لى ئەككى يىل ئەمگەك بىلەن تەرـ
بىيىلەشنى قارار قىلىپ، سانجى ئەمگەك بىلەن
تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ئۆتكۈـ
زۈپ بەرگەن. ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە،
ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەرز قىلىشى قولايـ
سىز بولسا، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى
تۇرۇشلۇق جاي يەنى سانجى شەھەرلىك خەلق
سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. مەسىـ
لەن: ئە× نىڭ ئۆيى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بوـ
لۇپ، ئۇ، ساياھەت قىلىش ئۈچۈن شىنشەن
شەھىرىگە بارغاندا بىر ئاي يىغىۋېلىنىپ تەكـ
شۈرۈلگەن. ئە× بۇنىڭغا قايىل بولماي شىـ
نشەن شەھىرىدە تۇرۇپ ئەرز قىلغاندا، ئىداـ
رىسى بەرگەن دەم ئېلىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتـ
سە ھەمدە ياتاق قاتارلىق جەھەتتە قىيىنچىـ
لىق بولسا، ئە× ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەرز
قىلسا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئاساسلىقى
دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغۇچىنىڭ دەۋاغا
قاتنىشىشىغا قولايلىق يارىتىش پرىنسىپى گەۋـ
دىلەندۈرۈلىدۇ. لېكىن مەمۇرىي مەجبۇرلاش
تەدبىرلىرىنى چىقارغۇچى مەمۇرىي ئورگانلاردا
باشقا جايلارغا بېرىپ ئەرزگە جاۋاب بېرىش
قىيىنچىلىقى بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىدە
دەلىل ـ ئىسپات ئېلىش، ئىجرا قىلىشقا ھۆـ
كۈم چىقىرىش قىيىنچىلىقى بولىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالدا مەمۇرىي ئورگان دەۋا ۋەكالەتچىسىگە
ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ئەرزگە جاۋاب بەرـ
سە، سوت مەھكىمىلىرى دەۋانى ئۆز سىستېمىـ
سىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەمكارلىشىپ دەلىلـ
ئىسپات ئېلىش، ئىجرا قىلىش قاتارلىق يوللار
ئارقىلىق ھەل قىلسا بولىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 19 ـ ماددىسىدا:
«كۆچمەس مۈلۈك سەۋەبى بىلەن قىلىنغان
مەمۇرىي دەۋالار كۆچمەس مۈلۈك بار جايـ
دىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش
تەۋەلىكىدە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ
يەردە دېيىلىۋاتقان «كۆچمەس مۈلۈك» كۆچمە
مۈلۈككە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ، يۆتـ
كىگىلى بولمايدىغان ياكى يۆتكەلگەندىن كېيىن
ئۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىنى يوقىتىپ قويـ
يىدىغان ماددى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەر
ۋە ئۇنىڭغا بېقىنىپ تۇرغان نەرسىلەر كۆچمەس
مۈلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. يەرگە بېقىنىپ تۇرغان
نەرسىلەر دېگەندە، ئۆي ـ جاي، ئورمان
قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆچمەس مۈلۈك
سەۋەبى بىلەن قىلىنغان مەمۇرىي دەۋالار كۆچـ
مەس مۈلۈك بار جايدىكى خەلق سوت مەھـ
كىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغاندا،
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەنزە پاكىتلىرىنى
تەكشۈرۈشىگە، ئەنزىنى توغرا، ئۆز ۋاقتىدا
قاراپ چىقىشىغا، شۇنداقلا ھۆكۈمنىڭ ئىجرا
قىلىنىشىغا پايدىلىق. كۆچمەس مۈلۈك سەۋەبى
بىلەن قىلىنغان مەمۇرىي دەۋا ئاساسەن تۆۋەندىكى
بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ: (1) پىلانلاش ـ
لايىھىلەش تارماقلىرىنىڭ قارارلىرىغا قايىل
بولماي قىلىنغان دەۋا. مەسىلەن: ئۆيلەرنى
بۇزۇپ چىقىش سەۋەبىدىن قىلىنغان دەۋالار؛
(2) يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قارارلىرىغا
قايىل بولماي قىلىنغان دەۋا. مەسىلەن: يەر
ئىشلىتىش، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنـ
لەشتۈرۈش سەۋەبىدىن قىلىنغان دەۋالار؛ (3)
مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ قارارلىرىغا
قايىل بولماي قىلىنغان دەۋا. مەسىلەن: يەرـ
نىڭ، سۇنىڭ بۇلغىنىشىغا چېتىلىدىغان ئىشلار
توپەيلىدىن قىلىنغان دەۋالار.

3. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش. باشـ
قۇرۇش تەۋەلىكىنى تاللاش دېگىنىمىز، ئىككىـ
دىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەمـ
مىسىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى بولغاندا، دەۋاگەر
بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى تاللاپ ئەرز قىلسا،
ئۇ تاللاپ ئەرز قىلغان خەلق سوت مەھكىمـ

سىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 20 - ماددىسىدا: «ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى بولغان ئەنزىلەردە، دەۋاگەر ئاشۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ ئەرزى قىلسا بولىدۇ. دەۋاگەر باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىككىدىن ئارتۇق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان بولسا، بۇنداق ئەرزنامىنى باشتا تاپشۇرۇۋالغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر ماددىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دەۋاگەر ئەڭ ياخشىسى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بىر خەلق سوت مەھكىمىسىنى تاللاپ ئەرز قىلسا بولىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىككى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر دەۋاگەر باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان بولسا، بۇنداق ئەنزە ئەرزنامىنى باشتا تاپشۇرۇۋالغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمە ئاساسلىقى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئەنزىلەرنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلغاندا بىر - بىرىگە ئىتتىرىش ياكى ئۆز ئارا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىش بىلەن دەۋاگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى ئۆز ۋاقتىدا يۈرگۈزەلمەسلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چىقىرىلغان. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى تالاشنى بەلگىلەش دەۋاگەرنىڭ دەۋا قىلىشىغا، شۇنداقلا دەۋاگەرلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئۆز ۋاقتىدا تەشەببۇس قىلىشىغا پايدىلىق.

4. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش دېگىنىمىز مەلۇم بىر خەلق سوت مەھكىمىسى مەلۇم بىر كونكرېت مەمۇرىي ئەنزىگە قارىتا باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمىغاندا، شۇ ئەنزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان ئەنزىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە كىرمەيدىغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. ئۆتكۈزۈۋالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى ئۆز مەيلىچە يەنە باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى، ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ يەنە بىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ چىقارغان باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى كېسىمى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نىسبەتەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە. ئۆتكۈزۈۋالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى ئۆز مەيلىچە يەنە باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولمايدۇ. دېمەك ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ ھەم ئۇنى ئۆز مەيلىچە باشقا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە خاتا بولۇپ قالغان ياكى بۇ ئەنزىنى قاراپ چىقىشتا ھەققەتەن قىيىنچىلىق بولغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت

郜

司法务业

مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىشكە يوللىسا بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېيىن قىلىنغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۆز مەيلىچە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىشتىكى مەقسەت دەۋالاشقۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئىتتىرىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.

5. باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىش.

باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىش دېگىنىمىز، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى پەۋقۇلئاددە سەۋەب تۈپەيلىدىن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قالغان چاغدا ياكى ئىككى خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۈستىدە تالاش - تارتىش يۈز بەرگەن چاغدا، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ مەلۇم خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 22 - ماددىسىدا: «باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاھىدە سەۋەبلەر بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەي قالسا، باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بەلگىلەپ بېرىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولۇپ قالسا، ئۇنى تالاش - تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ. ئۇلار كېڭىشىپ بىر يەرگە كېلەلمىسە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئورتاق يۇقىرى دەرىجىلىك بولغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىشكە مەلۇم قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىككى خىل ئەھۋالنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىشكە يوللاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىرى، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاھىدە سەۋەبلەر بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەي قالسا، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىشكە يوللاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئالاھىدە سەۋەبلەر» ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ: (1) سۇ ئاپىتى، ئوت ئاپىتى، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر، ئۇرۇش قىلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەر قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالغان بولۇش؛ (2) قانۇندا بەلگىلەنگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەسىلەن، دەۋالاشقۇچىلار چەتلەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلىقتىن، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالغان بولۇش؛ (3) باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى كەسپىي تېخنىكا ۋە قانۇن سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شۇ ئەنزىنى قاراپ چىقىش شەرتىنى ھازىرلىمىغان بولۇش. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلا بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى باشقا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى بەلگىلىسە بولىدۇ. بەلگىلەنگەن خەلق سوت مەھكىمىسى شۇ ئەنزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەلق سوت

مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش ھوقۇقى
ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولۇپ قالسا،
ئۇلى تالاش - تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپ
كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ؛ كېڭىشىپ ھەل قىلال-
مىسا ئۇلارنىڭ ئورتاق يۇقىرى دەرى-
جىلىك بولغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ بېرىشىگە
مەلۇم قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «باش-
قۇرۇش ھوقۇقى ئۈستىدىكى تالاش - تارتىش»
ئاساسلىقى ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھ-
كىمىسى ئۆز ئارا ئىتتىرىش، باشقۇرۇش ھو-
قۇقىنى تالىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيى-
لىدىن باشقۇرۇش ھوقۇقىغا بولغان كۆز قا-
راشلىرى ئوخشاش بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۈستىدىكى تالاش - تار-
تىش ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھ-
ۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (1) ئىككىدىن ئار-
تۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ
باشقۇرۇش ھوقۇقى بولۇپ، دەۋاگەر باشقۇ-
رۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىككى خەلق
سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان، ئىككى خەلق
سوت مەھكىمىسى بىرلا ۋاقىتتا ئەرزنامىنى
تاپشۇرۇپ ئالغان؛ (2) مەمۇرىي رايون ئۆز-
گىرىۋاتقان مەزگىللەردە يۈز بەرگەن ئەنزى-
لەردىمۇ كۆپ ھاللاردا بىر قانچە خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ ھەممىسى باشقۇرالايدىغان ياكى
باشقۇرمىسىمۇ بولىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چى-
قىدۇ. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى بۇ بەلگىلىمە
ئاساسلىقى بەزى ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا
ئەنزىنىڭ قاراپ چىقىلىشىنىڭ كەينىگە سۈرۈ-
لۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ
ئەرز قىلىش قىيىنچىلىقىنى ئازايتىش، قانۇنغا
خىلاپ مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا
تۈزىتىش، قانۇنلۇق مەمۇرىي ھەرىكەتلەرنى
شۇنىڭدەك دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق -

مەنپەئىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

6. باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشى.
باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشى دېگىنىمىز،
يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
قارار قىلىشى ياكى ماقۇل بولۇشى بىلەن
مەلۇم ئەنزىگە بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقىنى
تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە
تاپشۇرۇپ بېرىش ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى
كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 23 -
ماددىسىدا: «يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت
مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت
مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بى-
رىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنى
سوت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئۇلار ئۆزىنىڭ باش-
قۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوتتا قارىلى-
دىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنى تۆۋەن دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىشىغا
تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق
سوت مەھكىمىلىرى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋە-
لىكىدىكى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇ-
رىي ئەنزىلەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق
سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىشقا تېگىشلىك
دەپ ھېسابلىغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قارار قىلىشىغا
يوللىسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر
ماددىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، باش-
قۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشىدە ئىككى خىل
ئەھۋال بولىدۇ: (1) يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق
سوت مەھكىمىلىرىدە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق
سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى
بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزى-
لەرنى سوت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ

باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەرنى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئەنزىلەرنىڭ يۇقىرىغا يوللىنىشى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش ۋە رايون بويىچە باشقۇرۇشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بىر دەرىجە ياكى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى يوللانسىمۇ ھەم بىر دەرىجە تۆۋەن ياكى بىر نەچچە دەرىجە تۆۋەن چۈشۈرۈلسىمۇ بولىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرىغا يوللاش ياكى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشى كېرەك، رەت قىلىشقا بولمايدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئەنزىلەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلىغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللىسا بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تېگىشلىك» ئەنزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: زور، مۇرەككەپ، ھەم كەسپىي، تېخنىكا خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلىشىۋېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولغان ئەنزىلەر، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قاراپ چىقىش ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولغان ياكى باشقا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەسىلەن: سوت مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل كىشى بىلەن ئالاقىسى بولۇش، تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن قاراپ چىقىش مۇمكىن بولمىغان ئەنزىلەر بولۇشى كېرەك. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا يوللىغان ئەنزىلەردە، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى چوقۇم قارار چىقىرىشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قوشۇلماسلىق ھەققىدە قارار چىقارغان بولسا، ئەسلىدە يوللىغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا ياكى ئىجرا قىلمىسا بولمايدۇ.

مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى بۇ بەلگىلىمىلەر مەمۇرىي ئەنزىلەردىكى ئەھۋاللارنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ چىقىرىلغان. شۇنداقلا بۇ پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

( بېشى 33 - بەتتە )

تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىملار ۋە بىۋاسىتە جاۋابكار خادىملارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى قانداق سۈرۈشتۈرۈشنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. بۇنىڭدا، مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. (1) جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىملار ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئورتاق جىنايەت ئۆتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولامدۇ - يوق؛ (2) جىنايى ئىشلار قانۇنىدا تەبىئىي شەخسلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە تەدبىقلىنىدىغان ئەجەل جازاسى ۋە ئەركىنلىك جازاسىنى جىنايەت ئۆتكۈزگەن قانۇنىي ئىگىلەردىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىملار ۋە بىۋاسىتە خادىملارغا تەدبىقلاشقا بولامدۇ - يوق؛ (3) قانۇنىي ئىگىلەردىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىملار ۋە بىۋاسىتە جاۋابكار خادىملارغا ئوخشاش تۈردىكى جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەبىئىي شەخسلەرگە سېلىشتۇرۇپ يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىشكە بولامدۇ - يوق، ئەگەر يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىشكە بولىدىغان بولسا، يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىشنىڭ دائىرىسىمۇ ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك.

(«قانۇن - تۈزۈمگە دائىر ماقالىلەردىن تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 5 - سانىدىن)

# جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟

**خوگو يۈەن**

مېنىڭچە، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى بەلگىلەشتە، خاس پرىنسىپتا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان - چىقىرىلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك:

بىرىنچى، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى توغرىسىدىكى تەبىر ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش شەرتىنى ئېنىق بەلگىلەش ھەمدە قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشمىگەن ئورۇنلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىش - قىلىنماسلىق مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. مېنىڭچە، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى توغرىسىدىكى تەبىر مۇنداق بەلگىلىنىشى كېرەك: قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋەكىلى ياكى ۋەكالەتچىسى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ياكى رۇخسىتى ئارقىلىق، قانۇنىي ئىگىنىڭ نامىدا، قانۇنىي ئىگىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولسا، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە «قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ياكى رۇخسىتى ئارقىلىق»، «قانۇنىي ئىگىنىڭ نامىدا»، «قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن» دېگەن ئىبارەت ئۈچ شەرت تەكىتلەندى. قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشمىگەن ئورۇنلار جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولسا، مېنىڭچە بۇنى تەبىئىي شەخسلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قوش جازا بېرىش پرىنسىپىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك، يەنى قانۇنىي ئىگە بولغان تەشكىلنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەم جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىملار ۋە بىۋاستە جاۋابكار خادىملارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. مېنىڭچە، بۇ يەردە «ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىم» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەستىن، بەلكى «جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىم» دېگەننى ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە تەدبىر بەلگىلىگۈچى خادىملار بولۇشى ناتايىن، ئۇلار ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە تەدبىر بەلگىلەشكە قارشى تۇرغۇچىلار بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، قانۇنىي ئىگە بولغان تەشكىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان جازا تۈرلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. مېنىڭچە، جىنايەت ئۆتكۈزگەن قانۇنىي ئىگە بولغان تەشكىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان جازا تۆۋەندىكى تۆت خىل بولۇشى كېرەك: (1) جەرىمانە قويۇش؛ (2) مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش؛ (3) كەسپىي پائالىيىتىنى توختىتىش؛ (4) تارقىتىۋېتىشنى جاكارلاش.

تۆتىنچى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە

( ئاخىرى 35 - بەتتە )

## خىزمەت تەتقىقاتى

# بۇ ئەنزىنى كىم بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

چېن لا

## ئەنزە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش

A خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى مەن B نىڭ ئاياللىدىن خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن چىغىردىق سېخىغا كىرگەنىدىم. سېخىتىن چىقىۋاتقىنىمدا، B گە ئۇچرىشىپ قالدىم، B مەندىن گۇمانلىنىپ، ئايالىمغا پەسكەشلىك قىلدى دەپ قاراپ ئىدارە رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلدى. ئۇ توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىكتىن مېنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىم زىيانغا ئۇچرىدى، شۇڭا، قانۇن بويىچە جاۋابكارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن.

B ئۆزىنى ئاقلاپ مۇنداق دېگەن: مەن بىر ئىش بىلەن چىغىردىق سېخىغا بېرىپ ئايالىمنى ئىزدىگىنىمدە، A نىڭ ئايالىمنى سۆرەپ سېخىنىڭ ئىشىك كەينىدە ئۇنىڭغا پەسكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن كۆرگەنلىرىمنى رەھبەرلىككە ئەينەن ئىنكاس قىلدىم، A نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزگىنىم يوق، ئەكسىچە، مېنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىمگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىمنىڭ تۆۋەنلىشىگە نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى. شۇڭا، قانۇننىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىمنى قوغدىشىنى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

[بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش لەتىجىسى] بىرىنچى سوت ئەنزىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. پاكىت مۇنۇلارنى ئىسپاتلىغان: 1987 - يىلىدىن بۇيان، A خىزمەت تەكشۈرۈشنى باناھ قىلىپ، B نىڭ ئايالىغا پەسكەشلىك قىلغان، ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا تارقالغان. شۇيىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن B بۇنى سەزگەندىن كېيىن، ئىدارە رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان، سوت بۇ يوللۇق قانۇنىي ھەرىكەت بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا دەۋاگەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزۈش قەستەنلىكى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، بىرىنچى سوت ھۆكۈمى ئارقىلىق A دەۋادا يېڭىلگەن. A بۇنىڭغا قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز سۇنغان.

ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ كېسىم چىقارغان: ئەسلى قاراپ چىققۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ئەنزىنى قوبۇل قىلىشى ۋە قانۇننى تەدبىق قىلىشى مۇۋاپىق بولمىغان، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» نىڭ 151 - ماددا 2 - تارماق 3 - تۈرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەسلى ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىر تەرەپ قىلسۇن.

### [تەھلىل قىلىش پىكرى]

بۇ ئەنزىنى قاراپ چىقىشتا ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ پىكىرلىرى بىردەك بولمىغان، تالاش - تارتىشلارمۇ بىر قەدەر كۆپ بولغان، بىرىنچى سوتتىكى ئەنزە بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ قارىشىچە، باشقىلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى -

(ئاخىرى 38 - بەتتە)



# ھەق تەلەپ سۈرۈكى تۈزۈمى توغرىسىدا مۇھاكىمە

ليۇجىشەن، چىشۆلېك

ھەق تەلەپ سۈرۈكى دېگىنىمىز، مەلۇم پاكىت ھالىتىنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرۇشى بىلەن مەلۇم قانۇنىي ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغان تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى بىر خىل قانۇنىي پاكىت بولۇپ، ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇشنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ. پاكىت ھالىتىنىڭ ۋە قانۇنىي ئاقىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئۇ سۈرۈككە ئىگە بولۇش ۋە سۈرۈكنى يوقىتىش دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ: ئومۇمەن، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىلەپ تۇرغان ۋاقتى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەتكە يېتىپ، قانۇن بويىچە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىك سۈرۈككە ئىگە بولۇش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ياخشى نىيەت بىلەن، تىنچ، ئاشكارا، داۋاملىق ئىگىلەپ تۇرۇش بولغاچقا، ئۇ ئىگىلەش سۈرۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن، ھوقۇقنى يۈرگۈزمەسلىك پاكىت ھالىتى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە داۋام قىلىش بىلەن ھوقۇققا ئىگە كىشى قانۇن بويىچە ھوقۇقنى يوقاتقان بولسا، ئۇ سۈرۈكنى يوقىتىش بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا دەۋا مەسىلىسىگە چېتىلغاچقا دەۋا سۈرۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1986 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»دە سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلمىغان.

## مۇلاھىزە

(بېشى 37 - بەتتە)

تەرۆز يەتكۈزگەندە، قانۇن بىلەن قوغدىنىشنى تەلەپ قىلىشقا، ھوقۇققا دەخلى - تەرۆز قىلغۇچىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەۋاگەر ئەرز قىلغان ياكى جاۋابكار قارشى ئەرز قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى قاراپ چىقىشى كېرەك. مەزكۇر ئەنزىدە دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئېنىق، دەۋا نىشانىمۇ ئېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنزىنىڭ خاراكتېرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، ئەسلى قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئەنزىنى قوبۇل قىلىش، قانۇننى تەدبىقلاشتا مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ئەنزىلەر مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بېرىلسە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھوقۇققا دەخلى - تەرۆز قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈلمەي قالامدۇ؟ نارازىلىق ئەرزنى قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قارىشىچە، مەزكۇر ئەنزە باشقا مەمۇرىي ئورگانلار بىر تەرەپ قىلىدىغان تالاش - تارتىشقا ياتىدىغان ئەنزە بولغاچقا، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولدى، بۇنداق ئەنزىلەرنى سوت قىلىشتىكى تەجرىبىلەر بىر قەدەر كەمچىل، قانۇننى تەدبىقلاشمۇ دېگەندەك توغرا ئەمەس. شۇڭا، بۇنىڭدىن پايدىلىق تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىش مەقسىتىدە مەزكۇر ئەنزىنى قاراپ چىقىشتىكى تالاش - تارتىشلارنى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشىغا سۇندۇم.

(«قانۇن - تۈزۈم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ
1990 - يىل 3 - سانىدىن)

سۈرۈك تۈزۈمىنى تەسىس قىلىشتىن مەقسەت ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. مەلۇم پاكىت ھالىتىنىڭ جەمئىيەتتە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى نىسپىي مۇقىم بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ئاساستا يەنە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرمۇ شەكىللىنىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنداق پاكىت مۇناسىۋىتى، مەسىلەن، مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولمىغان كىشى دەۋا سۈرۈكى توشقاندىن كېيىن مەلۇم ماددىي نەرسىنى ئۆز ئالدىغا، ياخشى نىيەت بىلەن ئىگىلەپ تۇرۇش مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن باشقا مۇناسىۋەتلەر قانۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇقىم بولمايدۇ. سۈرۈكنى يوقىتىش مۇشۇنداق مۇقىم بولمىغان ھالەتنى تۈگىتىشتە ئەلۋەتتە ئىجابىي رولغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئاساسلىقى ھەقدارلىققا نىسبەتەن ئورنىتىلغان تۈزۈم بولغاچقا، ئەگەر سۈرۈككە ئىگە بولۇش ھەققىدە بەلگىلىمە بولمىسا، ئىگىدارلىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشقا بولماي قالىدۇ. شۇڭا، بىرلا دەۋا سۈرۈكى تۈزۈمى ئاستىدا، سۈرۈك ۋاقتىنىڭ توشۇشى بىلەن بارلىققا كەلگەن قانۇنىي ئاقىۋەت پەقەت ھەقدارنىڭ سوت مەھكىمىسىدىن قەرزدارنى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاشنى تەلەپ قىلىش دەۋاسىدا ئۇتتۇپ چىقىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ ياكى قەرزدارنىڭ ھەقدار ئالدىدا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشى بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى «قانۇنىي قەرز»، «تەبىئىي قەرز»گە ئايلىنىدۇ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت قانۇنىي ئاقىۋەتنى پەيدا قىلمايدۇ. چۈنكى، ھەقدارلىق - قەرزدارلىق مۇناسىۋىتىدە نىشان قىلىنغان ماددىي نەرسىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئادەتتە ماددىي نەرسىنىڭ تاپشۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ يۆتكىلىدۇ. نىشان قىلىنغان ماددىي نەرسە تېخى تاپشۇرۇلمىغاندا، ئۇنىڭغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ھەقدارغا مەنسۇپ بولىدۇ. دەۋا سۈرۈكى توشقاندا، ھەقدار پەقەت ھەقدارلىق ھوقۇقىنى يوقىتىدۇ، قەرزدارمۇ قەرزدىن خالاس بولغان بولىدۇ، ئەمما ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭدىكى يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولمىغان كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ياخشى نىيەت بىلەن، تىنچ ھالدا ئىگىلەپ ئېلىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەتكە يېتىدۇ. ئەگەر سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمى بولمايدىكەن، «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»دىكى دەۋا سۈرۈكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى گەرچە دەۋادا ئۇتتۇپ چىقىش ھوقۇقىنى يوقاتسىمۇ، ئەمما ئىگىلىنىپ كەتكەن نەرسىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى يوقالمايدۇ. ئىگىلەپ تۇرغۇچى دەۋا سۈرۈكىنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكى بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدۇ. نەتىجىدە، بۇ خىل مال - مۈلۈك ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىكى كونكرېت ھوقۇقلار بىر - بىرىدىن ئايرىمىچە تۇرىدىغان ھالەتتە تۇرىدۇ. قانۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ مۈلۈككە قارىتا ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ھوقۇق بولغان بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ بۇ مال - مۈلۈكنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىۋېلىشىغا ئاساس يوق ھەم زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇنىنىڭ مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولمىغان كىشىنىڭ ئاشۇ مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىلىۋېلى-

شىمغا قارىتا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى، شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. دەرۋەقە، ئەگەر كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملىتىش ۋە كۆچمە مۈلۈككە ياخشى نىيەتتە ئىگە بولۇشتەك ھازىرقى زامان ھەق تەلەپ تۈزۈمى بىرلا دەۋا سۈرۈكى تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ھەل قىلىنماي بېسىلىپ تۇرۇشىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئەھۋال بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنداق جايىدا بولۇپ چىقمايدۇ. كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملىغا ئالدۇرۇش تۈزۈمى مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋارىسلىق قىلغۇچى مىراس بولۇپ قالغان مۈلۈكلەر ئۈستىدە قىلغان مىراس ماجىراسىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىقتىدارغا ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى كۆچمەس مۈلۈكنى نىشان قىلغان مىراس ماجىرالىرىدا، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىدە بېكىتىلگەن ھوقۇقنى مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمى بولمىسا، بىر تەرەپتىن دەۋا نىشانى بولغان كۆچمەس مۈلۈك ئۆلگۈچىنىڭ نامىغا تىزىملىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن دەۋا سۈرۈكىنىڭ ۋاقتى توشۇپ كەلگەنلىكتىن مۈلۈك ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قانۇنىي ئاساس بولماي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوت مەھكىمىسى ياكى «مىراسخورلۇق قانۇنى»دىكى 20 يىللىق سۈرۈك ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەرزنى رەت قىلىش توغرىسىدا كېسىم چىقىرىپ، كۆچمەس مۈلۈكنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇشتەك ھالەتنى ساقلاپ قالىدۇ؛ ياكى «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە دەۋاگەرنى دەۋادا يېڭىلدى دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمما جاۋاپكارمۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ؛ ياكى بولمىسا، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىش توغرىسىدا كېسىم چىقىرىدۇ، تالاشتا قالغان كۆچمەس مۈلۈك ئوخشاشلا ئاجرالما ھالەتتە قالىدۇ، مۈلۈك ھوقۇقى مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر ھەل بولماي ئېسىلىپ تۇرىۋېرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا شەك - شۈبھىسىز زىيانلىق. چەت ئەللەردىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى (مەسىلەن گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى) دىكى بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندىمۇ كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سۈرۈكنىڭ يوقىلىش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىكى تۈپەيلىدىن كۆچمەس مۈلۈك جەھەتتىكى سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمى مۇتلەق چەتكە قېقىلمىغان. كۆچمە مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ياخشى نىيەتتە ئېرىشىش تۈزۈمى كۆچمە مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىلگۈچى ئوتتۇرىسىدا كۆچمە مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكەش مەقسىتىدە يۈز بېرىدىغان، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى كۆچمە مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بېرىلگۈچىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىدە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆتۈنۈپ بېرىلگۈچى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ياخشى نىيەتتە قوبۇل قىلسا يەنىلا ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىدىغان قانۇن تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولمىغان كىشىنىڭ ماددىي نەرسىنى ئىگىلىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولماستىن، بەلكى ياخشى نىيەتلىك ئۈچىنچى كىشىنىڭ سودىلىشىش ئارقىلىق ماددىي نەرسىنى ئىگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. شۇڭا، سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمىنىڭ كۆچمە مۈلۈك جەھەتتە تەدبىق قىلىنىشىنى چەتكە قېقىشقىمۇ بولمايدۇ.

سۈرۈك تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ يەنە بىر

مەقسىتى هوقۇقىغا ئىگە كىشىنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىتتا هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ مال - مۈلۈكنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مال - مۈلۈك هوقۇقى مۇبادا ۋاقتىدا يۈرگۈزۈلمىسە، مال - مۈلۈكنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ جارى بولۇشىغا جەزمەن تەسىر يېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن هوقۇقىغا ئىگە كىشىنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىتتا هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش سۈرۈك تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىكى دەسلەپكى ئارزۇ بولۇپ قالغان. سۈرۈكنى يوقىتىش تۈزۈمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ناھايىتى روشەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن سۈرۈككە ئىگە بولۇشنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىرلا دەۋا سۈرۈكى تۈزۈمى بولغاندا، ئۇ بىر قىسىم هوقۇق ئوبيېكتىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى تەۋەلىكىنى يوقىتىپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋىتى مۇقىمسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، ماددى نەرسىلەر راۋان يۈرۈشەلمەيدۇ، رولى تولۇق جارى بولمايدۇ. ئەگەر سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمى ئورنىتىلسا، ھېلىقىدەك ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمەلىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن جەھەتتىن يوللۇق قانۇنىي مۇناسىۋەت دەپ ئېتىراپ قىلىپ قوغدىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مۇقىمسىز ھالەتنى تۈگەتكىلى بولۇپلا قالماستىن بەلكى هوقۇقىغا ئىگە كىشىنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ هوقۇقىنى ۋاقتىدا يۈرگۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مال - مۈلۈكنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، ھەق تەلەپ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشىنى تېزلەتكىلى، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

سۈرۈك تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ مەقسىتى يەنە ئۇنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ۋاقتىدا، توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، بىر خىل پاكىت ھالىتىنىڭ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ھەق - ناھەق پۈرمىلىنىپ كېتىپ ئۇنى ئىسپاتلاش قىيىن بولىدىغان ئەھۋالنى تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقىدا. گەرچە دەۋا سۈرۈكى تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋالدا خېلى چوڭ ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىدە دەۋا سۈرۈكى يەنىلا سۈرۈككە ئىگە بولۇشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. قانۇننىڭ بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تىرىشىش كېرەك. ۋەھالەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ بەزى ھەق تەلەپ قانۇن، سىياسەتلىرىدە سۈرۈككە ئىگە بولۇشقا قارىتا ئەمەلىيەتتە سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسى قوللىنىلغان. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى» نىڭ 8 - ماددىسىدا: «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن تارتىپ 20 يىلدىن ئېشىپ كەتسە ئەرز قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدا مىراسخور سۈرۈكنىڭ توشۇشى بىلەن مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە قانۇننىڭ «قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش»قا قارىتا سۈكۈت قىلغانلىقىدۇر. بۇ قانۇن - سىياسەتلەردە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگىنى ماھىيەتتە ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمما ئېتىراپ قىلىنمىغان سۈرۈككە ئىگە بولۇش تۈزۈمىدۇر. رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، بىرلا خىل دەۋا سۈرۈكى تۈزۈمىنىڭ نۇقسانلىرىغا سەل قاراش ئۇسۇلى مۇقەررەر ھالدا نەزەرىيە جەھەتتە يوچۇق قالدۇرۇپ قويىدۇ، ئەمەلىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

# ئەدلىيە تەكلىپنامىسىنىڭ يېزىلىشى

ئەدلىيە تەكلىپنامىسى — ئەدلىيە ئور-
گانلىرىنىڭ ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش
جەريانىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى ساق-
لانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇ-
نۇلىدىغان بىر خىل ئەدلىيە ھۆججىتىدۇر. ئەد-
لىيە تەكلىپنامىسى — مەملىكىتىمىزنىڭ ئەد-
لىيە ساھەسىدىكىلەر قانۇن تۈزۈش روھىغا
ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەدلىيە ئەمەلىيىتىگە
ئاساسەن ھاسىل قىلغان، يەكۈنلەنگەن يېڭى
ۋە ئۈنۈملۈك ئەدلىيە ھۆججىتى. ھازىر ئۇنى
ئەدلىيە ئورگانلىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتى-
دۇ ۋە تەكلىپ ئالغۇچى ئورۇنلارمۇ خۇشاللىق
بىلەن قوبۇل قىلىۋاتىدۇ.

ئەدلىيە تەكلىپنامىسىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئەدلىيە تەكلىپنامىسى ئۈچ قىسىمدىن تەر-
كىب تاپىدۇ.

1) باش قىسمى

ئەدلىيە تەكلىپنامىسىنىڭ باش قىسمى تەك-
لىپنامىنى يازغۇچى ئورگاننىڭ نامى، خەت -
ئالاقىسىنىڭ نامى، نومۇرى، تەكلىپنامە ئەۋە-
تىلىدىغان ئورۇننىڭ نامى ۋە بايقالغان مە-
سىلىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئاساسىي تېكست

بۇ بايقالغان مەسىلىلەر، تەكلىپ بېرى-
دىغان ئىشلار ۋە تەلەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) بايقالغان مەسىلىلەر: بۇ تەكلىپنامى-
نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى، ئەگەر مەسىلە سې-
زىلمىسە تەكلىپنامە يېزىشنىڭمۇ ھاجىتى قالماي-
دۇ. ئەدلىيە ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، مۇ-
ناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر-
نىڭ مەۋجۇتلۇقى سېزىلسە، تەكلىپنامە سۇنسا
بولىدۇ. ① ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە قانۇن -
تۈزۈم تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىشى يې-
تەرسىز بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنتىزامسى-
زلىق، خىزمەتنى بوشاڭ، ئوغرىلىق، ئىس-
راپچىلىق ھادىسىلىرى ئېغىر بولغان بولسا،
جېدەل - ماجىرا ۋە قىمار ئويناشتەك ۋەقە-
لەر ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن بولسا؛ ② ئا-
مانلىقنى ساقلاش خىزمىتى يېتەرسىز، ئالدىنى
ئېلىشقا سەل قارالغان بولۇپ، قانۇنسىز ئۇن-
سۇرلارنىڭ ئاسانلا ئەنزە سادىر قىلىپ مەق-
سىتىگە يېتىشىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا؛ ③ قا-
ئىدە - تۈزۈمى مۇكەممەل بولماسلىق، ئىگى-
لىك باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇشتەك يوچۇق-
لار مەۋجۇت بولۇپ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا
پۇرسەت يارىتىپ بېرىلگەن بولسا؛ ④ جىنا-
يەتچى ئۇنسۇرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش،
ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپمۇ پاش قىلماسلىق، ھەت-
تا جىنايەتچىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇش،
كىشىلەرنى يالغاندىن گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈشكە
ئۈندەش تۈپەيلىدىن ئەنزە ئىشلەشكە كاشىلا
قىلغان بولسا؛ ⑤ خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەتلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ ئۇنى بىر
تەرەپ قىلماي ۋەقەنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتى-
شىگە ۋە ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە يول قويۇپ،
يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان ياكى يامان
ئاقىۋەتلەر داۋاملىشىۋەرگەن بولسا؛ ⑥ ئەيىب-
لەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان ياكى جازاسى كە-
چۈرۈم قىلىنغان جاۋابكارغا ۋە ئادەتتىكىچە
قانۇنسىز ھەرىكەتلەردە بولغان باشقا كىشى-
لەرگە قانۇن بويىچە ئاساسىي باشقۇرغۇچى
ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي جازا بېرىشىگە توغرا
كەلسە؛ ⑦ دۆلەت خىزمەتچىلىرى خىزمەتتە
بىپەرۋالىق قىلغان ۋە خىيانەت قىلىپ، پارا
ئېلىپ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا ئەنزە توغدۇ-
رۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن بولسا؛ ⑧
ئەنزە بېجىرىش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك ئو-
رۇنلاردىكى بەزى خادىملارنىڭ ئەدلىيە ئور-
گانلىرىغا ماسلىشىپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن
ئاكتىپ كۈرەش قىلىشانلىقىنى بايقىغان بولۇپ،
ئۇلارنى ئاساسىي مەسئۇل ئورۇن-تارماقلار مۇكا-
پاتلاش ۋە تەقدىرلەشكە تېگىشلىك بولسا ۋە
باشقىلار؛ تەكلىپنامىنى يازغاندا مۇناسىۋەتلىك
ئورۇن، ئادەم، مەۋجۇت مەسىلىلەر ۋە بۇنىڭ-
دىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى بىرمۇ بىر ئېنىق يېزىلىشى، مۇجمەل
ۋە تومتاق بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش

لازىم. ئەگەر بايقالغىنى بىرنەچچە مەسىلە بولسا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇقتىلىقىنى كەۋدىلەندۈرۈش، ئەڭ ئېغىرلىرىنى ئاۋۋال ۋە تەپسىلىي يېزىش، مۇھىم ئەمەسلىرىنى كېيىن ۋە قىسقارتىپ يېزىش، ئۇنى ھادىسىلەر تىزمىسى قىلىپ، مۇھىم بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

(2) تەكلىپ بېرىدىغان ئىشلار: بۇنىڭدا ئاساسلىقى تەكلىپ بېرىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوچۇقلارنى ئېتىش، قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئالاقىدار خادىملارنى تەقدىرلەش ۋە جازالاش، ئامىنى ئىدىيە، قانۇن - تۈزۈم بىلىملىرى جەھەتتىن ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشكە ئائىت كونكرېت تەكلىپ پىكىر يېزىلىدۇ. بۇ قىسىمنى يازغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ياخشى يېزىش كېرەك: ① ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مەسىلىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ۋە كىچىكلىتىۋەتمەسلىك، ۋەھىمىلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن كىشىلەرنى چۆچۈتمەسلىك، شۇنداقلا ئارتۇقچە يۇقىرى تەلەپ قويماسلىق، كىشىلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى كىشىلەرگە تاڭماسلىق لازىم. ② نىشانلىق ئوق ئېتىش، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولۇش، يەنى شۇ ئورۇندا مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا تەكلىپ بېرىش، ئىشقىلا قارىتىش، ئەمما ئادەمگە قاراتماسلىق، مەلۇم ئورۇنغا قارىتىش، مەلۇم ئادەمگە قاراتماسلىق لازىم. ③ كونكرېت ۋە ئېنىق بولۇش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان بولۇش لازىم. يەنى، بېرىلگەن تەكلىپ كونكرېت ۋە ئېنىق بولۇش، ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇنلار تەكلىپ قىلىنغان ئىشلارنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىلەلەيدىغان بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ئىشلار بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا تەكلىپنامىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ. ④ كىشىلەرگە ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم بېرىش، كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك. تەكلىپ بېرىشتىن مەقسەت خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلەتمەكتىن ئىبارەت. شۇڭا تەكلىپنامىدا پاكىت ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، داۋلى ئېنىق سۆزلىنىشى، پوزىتسىيە مۇلايىم بولۇشى، تىلى سەمىمىي، يېقىملىق، تەلەپ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى، رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورنىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىقى، قوپال ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى، ھەيۋە قىلماسلىقى كېرەك. بۇيرۇق قىلىپ مەجبۇرلاپ ياكى چىپىلىۋېلىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ⑤ قانۇنغا، سىياسەت - بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ئۆز مەيلىچە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقى، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمەسلىكى كېرەك. پاكىت — ئاساس، قانۇن — ئۆلچەم. بارلىق ئەدلىيە ئورگانلىرى بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى لازىم. تەشەببۇسنامە قانۇنغا، سىياسەت - بەلگىلىمىلەرگە تامامەن ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن زور قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە چېتىلىدىغان تەكلىپنامىلەردە يۇقىرىقى نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

(3) تەلەپ: بۇنىڭدا «يۇقىرىقى تەكلىپمىزنى ئويلىشىپ كۆرۈپ ھەل قىلىشىڭلارنى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈشۈڭلارنى سورايمىز» دەپ ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

ۋ. ئاخىرى: تەكلىپنامە ئەۋەتىلگەن يىل، ئاي، كۈن ئېنىق يېزىلىشى، ھەمدە تەكلىپ بەرگۈچى ئورگاننىڭ تامغىسى بېسىلىشى، ئەڭ ئاخىرىدا سول تەرەپ تۆۋىنىگە تەكلىپنامىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەۋەتىلگەن ئورۇننىڭ نامى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

(«يېزىقچىلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىل 9- سانىدىن)

ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى



# بىر جوڭگولۇقنىڭ كوۋېيتتە دەۋادائۇتتۇپ چىققىنى

**تيەن لالا**

ئۇ بىر ساپ جۇڭگولۇق، شۇنداقلا چەت ئەلگە چىقىرىلغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەمگەكچىلەر قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن، فېدىراتسىپ گېرمانىيە يېشىل خەلقارالىق قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك شىركىتىنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە ئىسكىلاتىدا ئۇنىڭ «AAA» ئالىي دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىم ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلگەن قىسقىچە تەرجىمھالى ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇنىڭ ئىسمى جىدى... دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئىككى يىل ئىلگىرى، ئىسلام قانۇنىغا بويسۇنىدىغان بىر دۆلەتنىڭ تارىخىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ دەۋادا يېڭىپ چىقىشىدەك ئاجايىپ بىر سەھىپە يېزىپ قالدۇرغۇچى دەل مۇشۇ كىشى ئىدى.

ئۇ ئەسلىدە خاڭجۇدىكى بىر كارخانىنىڭ تېخنىكا تەرجىمانى ئىدى. 1985 - يىلى، ئۇ بېيجىڭدە مەزكۇر شىركەتنىڭ ئۈچ يىلدا بىر نۆۋەت ئېلىپ بارىدىغان خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۈچ تۈر بويىچە «A» دەرىجىلىك نەتىجە بىلەن مىڭدىن ئارتۇق رىقابەتچى ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن دەرىجە ئاتلاپ قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەزكۇر شىركەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ، ئايلىق مائاشى جۇڭگودىكى مائاشىدىن 20 ھەسسىدىن يۇقىرى قىلىپ بېكىتىلدى...

ئۈچ كۈن ئىلگىرى، ئۇ شىركەت دىرېكتورى سەئىمنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، بىر ھۆكۈمەت ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كۇۋەيتكە بارماقچى بولدى.

شۇ كۈنى كەچتە، جىدى پان ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كۇۋەيتكە قاراپ يولغا چىقتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، جىدى D قۇرۇلۇش ئورنىغا يېتىپ كەلدى، كۇۋەيت شەھىرىدە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە بۇ ھەقتە سەئىمگە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر بەردى.

چۈشتە، سەئىم تېلېفون ئارقىلىق جىدىگە كۇۋەيتتە بىر نەچچە كۈن تۇرۇشنى ئېيتتى. ئۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇرۇلۇش ئورنىغا يۇرتداشلىرىنى يوقلاپ كېلىشكە باردى.

دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ۋەقە يۈز بەردى. 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇرۇلۇش جازىسى ئۈستىدىن تۇيۇقسىز ۋەھىمىلىك بىر ئاۋاز چىقتى. بىر خەلق ئىشچىسى بوشلۇقتا موللاقلىغان پېتى پەستىكى ئاسفالت يەرگە بېشىچىلاپ يىقىلدى - دە، شۇئان نەپەستىن توختىدى.

«ۋاي بولمىدى، ئادەم ئۆلدى!» جىدى بىرەيلەننىڭ شۇنداق دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدى - دە، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا قاراپ يۈگۈردى، ھەش - پەش دېگۈچە بىر تالاي خەلق ئىشچىلىرى ئولاشتى. خەلق ئىشچىلىرى ئارىسىدا بىر يۇرتلۇقلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇ ھەمرىيىنىڭ ئۆلۈپ

**تۇرمۇش سەھىپىسى**

كەتكىنىگە ئېچىنغان هالدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاشماقتا ئىدى. بەزىلەر غەزىپىنى باسالماي، بولقا - بازغانلار بىلەن هېلىقى 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇرۇلۇش جازىسىنى چېقىپ كۇم - پەيكۇم قىلىۋەتمەكچى بولدى...

جىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەندىن:

— ئۇنى نېمىشقا چاقماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭدا ئۈچ ئادىمىمىز ئۆلۈپ بولدى.

— نېمىشقا ساقچىغا مەلۇم قىلمايسىلەر؟— جىدى يەنە سورىدى.

بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ:

— بۇ يەرنىڭ ئىشىنى ئەنگلىيىلىكلەر هۆددىگە ئالغانىكەن، يەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كارىمۇ يوقكەن، سورىمايدىكەن، — دېدى.

جىدى بازغان كۆتۈرۈۋالغان خەلق ئىشچىلىرىنى توختىتىۋالدى - دە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇلارغا:

— ئالدىرىماڭلار، مەن بىرىپ سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى.

جىدى تېلېفون بوتكىسىنى تېزلا ئىزدەپ تاپتى - دە، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلدى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئېنگلىز تىلىدا شۇنداق دېدى:

— تېزلىكتە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈڭلارنى سورايمەن، مۇبادا نەق مەيدان ساقلاپ قېلىنمىسا، كېلىپ چىقىدىغان بارلىق ئاقىۋەتكە ئىدارەڭلار جاۋابكار بولىدۇ.

15 مىنۇتتىن كېيىن ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ساقچى ماشىنىسىغا ئەگىشىپلا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بىر قانچە پىكاپىمۇ يېتىپ كەلدى. شۈبھىسىزكى، ئەنگلىيىلىك هۆددىگەرلەرمۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىدى.

جىدى ئالدىغا چىقىپ راۋان ئېنگلىز تەلەپپۇزى بىلەن ساقچىغا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋالنى بايان قىلدى ھەمدە ساقچى باشلىقىدىن ئۆزىگە بىر ساقچى قوشۇشنى، 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇرۇلۇش جازىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جازىنىڭ زادى قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.

جىدى ۋە ئىككى نەپەر ساقچى ھەممە كۆز تىكىپ تۇرغان شارائىت ئاستىدا 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇرۇلۇش جازىسىغا ئېلىپ چىقتى. دەرۋەقە، ئالتە كۋادرات مېتىر چامىسىدىكى ئىش تاختىسىنىڭ تۆت ئەتراپى نېلون شوينا بىلەن ئادەتتىكىچە تورلاپ قويۇلغان بولۇپ، ئەقەللىي بىرەر بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىسىمۇ ئورنىتىلمىغانىدى. جىدى ساقچىغا بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتقۇزغاندىن كېيىن، ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان رۇلىتكىسىنى ئالدى- دە، ھېلىلا ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداننى ئۆلچەپ چىقىپ، ئىش تاختىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نىلون شوينا بوشلا باغلاپ قويۇلغانلىقى، جازىنىڭ ئۈستى، يامغۇردا غىلتاڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېيىلىپ كەتمەكلىك بىلەنلا مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىققان ... دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

جىدى پاكىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، پەسكە قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن، «ئەنگلىيىلىكلەر ئۆلگۈچىگە تولۇق جاۋابكار بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

ئەنگلىيىلىكلەر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ پەيت قىلمىدى.

ساقچى باشلىقىمۇ بۇ ئەھۋالغا ئامالسىز قېلىپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ئىشچىلار قاتتىق غەزەپكە كەلدى. بەزىلەر ئىش توختىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇئان نۇرغۇن ئىشچىلار قالپاقلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئىش كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى ۋە قوللىرىدىكى ئىش

قوراللىرىنى چۆرۈۋېتىپ، نارازىلىق بىلدۈردى.

ھەر ئىككى تەرەپ مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى. جىدىنىڭ چىرايلىرى ئاقىرىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئىشچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆپچىلىكنى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە دالالەت قىلدى ـ دە، ئاندىن ئەنگلىسىلەككە:

— بىز ئۆز پىكرىڭىزدە قالسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، لېكىن بىزنىڭمۇ نارازىلىق ئەرز قىلىش ھوقۇقىمىز بار. بىز سوتتا كۆرۈشەيلى، — دېدى.

جىدى دادىل، جاسارەتلىك بىر ياش ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتماستىن، ئىشچىلار بىلەن بىللە بولۇپ، D قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى تۈرلۈك خەتەرلىك ئامىللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ چىقتى ـ دە، ئاندىن ئىككى پارچە دوكلات ۋە بىر پارچە ئەرزنامە يازدى.

دوكلات ئەتىسى ئەتىگەندىلا جۇڭگو ئەلچىخانىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى تاشقى ئىشلار ئاپپاراتلىرىغا يوللاندى. ئەرزنامە كۇۋەيتتىكى يەرلىك ئالىي سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئەلچىخانىسى ئادەم ئەۋەتىپ، قۇرۇلۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئىشچىلارنى يوقلىدى ھەمدە جىدىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دوكلات يوللىغانلىقىنى ماختاپ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ قېپقالغان مەسىلىلەرنى قانۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئالاقىدار تارماقلار جىدى قاتارلىق كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى ۋە ئىلگىرى ئۆلگەن ئىككى ئىشچىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەمدە ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشقا تەييارلاندى.

جىدى بىلەن خەلق ئىشچىلىرى ئوخشاشلا ئىشەنچكە تولدى، ئۇلار ۋەتەننىڭ قوللىشىغا، قانۇننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. مەزگىلسىز ئۇۋالچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ جەزمەن ئەمىن تاپىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

كىم بىلسۇن؟ 5 كۈندىن كېيىن جىدىنىڭ كۇۋەيت يەرلىك ئالىي سوت مەھكىمىسىگە سۇنغان ئەرزى قايتۇرۇۋېتىلدى، بۇنىڭ سەۋەبى: كۇۋەيتتە ئىزچىل بويسۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىسلام قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك سوتلاردىن بىر كېڭەشمە سوت كوللېگىيىسى تەشكىل قىلىنىپ، ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىدە مۇرەسسە قىلىنىدىكەن. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىقى ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە كېسىم قىلىنىدىكەن.

جىدى تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ دەرھاللا شۇ قاراشقا كەلدىكى، مۇبادا سوتچىنىڭ پىكرى بويىچە بولسا، ئۇ ئىلگىرىكى ئەرزنامىدە ئۆلگۈچىگە بېرىلىدىغان تۆلەم ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئوخشاش بىر خىل ئىشقا نىسبەتەن ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى. ئەمەدىكى جىددىي ۋەزىيەت — تېزلىكتە كۇۋەيت قانۇنلىرىنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى!

كۇۋەيت قانۇنلىرىغا ئائىت كىتابلارنى ئەتراپتىن ئىزدەپ تېپىشقا بولاتتى ـ يۇ، لېكىن ئېنگلىزچە بېسىلغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى، شۇڭا بىر قانچە كۈن ئىزدەپمۇ جىدى بىر نۇسخىمۇ تاپالمىدى. ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلىرى ئۇ تۇساتتىن شەھەر مەركىزىدىكى بىر خۇسۇسىي مېھمانخانىنىڭ كىتاب جازىسىدا بىر نۇسخا كىتابنى چېلىقتۇردى ـ دە، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتتى ۋە كېچىچە كىرپىك قاقماي

كۆرۈپ چىقتى.

— ھەي جىدى، — سەلىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تىرۇبكىدا ۋارقىرىدى ۋە كېسىپلا: — سىز بىزنىڭ تىجارىتىمىزنى ئابۇت قىلىغىلى تاس قالدىڭىز، سىز قېتىمشا ئالىيوممىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارغان، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارمىغان، چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى.

جىدى تىرۇبكىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بىلىدىكى، بۇ تېلېفوننىڭ كەينىدە چوقۇم ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولى بار ئىدى. گېرمانىيە يېشىل خەلقئارالىق ھۆددىگەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن ئەنگلىيە ئۇلۇغ بىرىتانىيە شىركىتى ئەزەلدىنلا ئوتتۇرا شەرق قۇرۇلۇش - بىناكارلىقىدىكى ئىككى چوڭ گەۋدە بولۇپ، گەرچە خۇسۇسىي رىقابەتتە پايدا - زىيان قوغلاشمىسۇ، لېكىن كۆرۈنۈشتە ھەممىسىلا غەربلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى. ھازىر، ئۇ يېشىل خەلقئارالىق ھۆددىگەرلىك شىركىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە، بۇ دەۋا ئەنزىسىگە كىرىشىپ، پۇت دەسسەپ چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا، ئەنگلىيىلىكلەر چوقۇم زىيان تارتاتتى، ئۇنداقتا، ئۇلار ياخشىلىقچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇنىمايدۇ - دە، ئەلۋەتتە.

سەلىمنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى، ئۇ: — جىدى، ئەگەر سىز يەنىلا ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا مەن سىزنى قاتارغا قايتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى.

دەل جىدى چارە - ئامال ئىزدەپ يۈرگەن پەيتتە، ئەنگلىيىلىكلەر كۇۋەيت يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى - دە، ئۇلار تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى، ئۇلۇغ بىرىتانىيە شىركىتى نۇرغۇن پۇل چىقىم قىلىپ، لوندوندىن ئاتاغلىق قانۇنچىلىق پېشۋاسى لورد دالېنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، مەشھۇر ئادۋوكات سوكراۋىسنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى.

يەرلىك گېزىتلەر سوكراۋىسنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بەس - بەستە خەۋەر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جوڭگو تەرەپ ئادۋوكاتىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى جىددىي سۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى.

D قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى خەلق ئىشچىلىرى جىدىنى ئورۇۋېلىپ، ئۇنىڭ جوڭگو تەرەپ ئادۋوكاتلىقىنى زىممىسىگە ئېلىشىنى ۋە سوتقا چىقىپ ھەق - ناھەقنى ئايرىپ بېرىشىنى كەينى - كەينىدىن تەلەپ قىلىشتى.

1986 - يىلى 1 - ئايدا، كۇۋەيت يەرلىك سوت مەھكىمىسى رەسمىي سوت ئېچىپ مەزكۇر ئەنزىنى قوبۇل قىلدى.

جىدى پىششىق ئىنگلىز تىلىدا، شۇ كۈنى ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندىكى بارلىق ئەھۋالنى بايان قىلدى ھەمدە خەلق ئىشچىلىرىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەلەپ: ئۇلۇغ بىرىتانىيە شىركىتى ئۆلگۈچىگە ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تۆلەم بېرىشى — بىخەتەرلىك ستراخوۋانىيە ھەققى ۋە نەپىقە بېرىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

مۇخبىرلار جىدىنىڭ «ئاقلاش سۆزى» نى توشمۇ تۇشتىن خەۋەر قىلىپ تۇردى.

جۇڭگو ۋەكىلى جىدى يوللۇق ۋە پاكىتلىق ئاساستا ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ جۇڭگودىن ئەمگەكچى خادىملارنى تەكلىپ قىلغان ۋاقىتتا تۈزۈلگەن تۈرلۈك ئالاقىدار نىزاملارنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ: «ئەنگلىيە تەرەپ بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى، ئەمگەكچى خادىملارنى قەستەن يېتەر-

لىك شارائىت بىلەن كاپالەتلەندۈرمىدى...» دېدى.

ئۇ يەنە شۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: «خەلقئارا جامائەت پىكرى، بۇ ئىشقا نەزەر سېلىشى، ئوتتۇرا شەرق قۇرۇلۇش - بىناكارلىق بازارلىرىغا كۆپلىگەن دۆلەتلەردىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچى خادىملارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمگەك مۇھىتىغا نەزەر سېلىشى كېرەك...»

يېرىم ئايدىن كېيىن، كۇۋەيت يەرلىك سوت مەھكىمىسى ئەڭ ئاخىرقى كېسىمنى چىقاردى: ئەنگلىيە ئۇلۇغ بىرىتانىيە شىركىتى ياللانغۇچى تەرەپكە جاۋابكار بولىدۇ. ئۆلگۈچىگە 5 مىڭ فوندستېرلىڭدىن 10 مىڭ فوندستېرلىڭغىچە نەپىقە بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىر بار بولغان بارلىق ئىشچىلارنىڭ خىزمەت مۇھىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ئەگەر يەنە 3 ئايغىچە ئوڭشالمىسا، ئوتتۇرا شەرق قۇرۇلۇش بىناكارلىق بازىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ...

ئەنگلىيىلىكلەر ھودۇقۇپ قالدى.

سوكراۋسىمۇ جىمجىتلا يۇرتىغا كېتىپ قالدى.

بۇ قېتىم ئەنگلىيىلىكلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزلىرى كېلىپ جۇڭگولۇقلار بىلەن كېڭەشتى. ھەممە ئىشنى خەلق ئىشچىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئورۇنلاپ بەردى، جەسەتنىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدى.

جىندى بىلەن ئىشچىلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەنگلىيىلىكلەر ئۆلگۈچىنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە، پالساندىر ياغىچىدا ياسالغان گۈەنسەيگە سالدىغان بولدى.

ئەنگلىيىلىكلەر ماقۇل بولۇپ: «جۇڭگوغا ئېلىپ بارىمىزمۇ؟» دەپ سورىدى.

«ياق»، جىندى خەلق ئىشچىلىرىغا ۋەكالىتەن شۇنداق دېدى: «ئۇلار كۇۋەيت شەھەر سىرتىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىدا تىنچ ياتسۇن! شۇنداق بولغاندىلا، ئۇلارنىڭ روھى بۇ يات ئەلدە ئۆزلىرى قۇرۇپ پۈتتۈرۈپ بولالالمىغان ئاسمان پەلەك ئىمارەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ...»

ئەنگلىيىلىكلەر كۆڭلىدە رازى بولۇشتى.

جىندىنىڭ چېھرىدە غەلىبە تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى.

1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ بىر كۈنى، كۇۋەيت شەھەر سىرتىدىكى مادېلى جامائەت قەبرىستانلىقىغا بىر توپ ئۆلۈم ئۇزاتقۇچىلار ئاستا قەدەم بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار قايغۇلۇق قىياپەتتە سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن، رەتلىك كولانغان يەرلەرگە پالساندىر ياغىچىدىن ياسالغان ئۈچ گۈەنسەينى قويدى، جىندى ئامما ئارىسىدىن دەس تۇردى - دە، قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرگىنىچە، قوشۇنىنىڭ يان تەرىپىدە تۇرغان بىر كىچىك مۇزىكا ئەترىتىگە دىرىژورلۇق قىلىشقا باشلىشى بىلەنلا، سىرلىق قەبرىستانلىقتا شوبېرتنىڭ «ئەللەي ناخشىسى» ياڭراشقا باشلىدى. بۇ سېھىرلىك مۇزىكا سادالىرى، بەجايىدىكى قەلبلەردىكى قايغۇ، ماتەم ۋە غەزەپ ئىزھارىنى سامالارغا ئېلىپ كەتمەكتە ئىدى...

(«يېڭى دەۋر ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 10 - سانىدىن)

# خۇسۇسىي رازۋېتچىك تەكلىپ قىلىش قانۇنلۇقمۇ - يوق؟

**يولداش تەھرىر:**

ناھىيىمىزنىڭ مەلۇم بىر كەنتىدىكى بىر دېھقاننىڭ 1500 يۈەنلىك ئامانەت پۇل چېكى ئاپتوبۇستا ئوغرىلانغان. ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ بىر تەرەپتىن بانكىغا مەلۇم قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر خۇسۇسىي رازۋېتچىك تەكلىپ قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى ھەمدە ئۇنىڭغا 100 يۈەن ھەق بەرمەكچى بولغان. بۈگۈنكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدا خۇسۇسىي رازۋېتچىكلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلامدۇ - يوق؟ ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئەنزىنى مەلۇم قىلماي، يۇقىرى باھادا خۇسۇسىي رازۋېتچىك تەكلىپ قىلىش قانۇنلۇقمۇ - يوق؟

جىلىندىن يۈدۈڭ

**يولداش يۈدۈڭ:**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نىڭ 58 - ماددىدا بىرىنچى تارماقتا: «تەھقىقلەش جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەنزىلەرنى بېجىرىش جەريانىدا قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەھقىقلەش جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ بىر خىل مەخسۇس فۇنكسىيىلىك ھوقۇقىدۇر. پەقەت جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى تەھقىقلەش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئورگان، تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ تەھقىقلەش ھوقۇقى بولمايدۇ. روشەنكى، دۆلىتىمىزدە خۇسۇسىي رازۋېتچىك تەكلىپ قىلىپ تەھقىقلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

تەھقىقلەش جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى پەۋقۇلئاددە پائالىيەتتۇر. تەھقىقلەش خىزمىتى بولسا جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىش، جىنايى پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش شۇنداقلا بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانۇنىي جازاغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل كەسكىن قانۇنىي ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى پەقەت دۆلەتنىڭ مەخسۇس ئورگانلىرى ئېلىپ بارىدۇ، باشقا تارماقلار ۋە شەخسلەرنىڭ خالىغانچە ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. تەھقىقلەشنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇ، تۈرلۈك مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ھەم مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق زور مىقداردىكى ئېغىر، تېخنىكىلىقى كۈچلۈك بولغان خىزمەتلەرنى شەخسلەر ۋە باشقا ئورۇنلار ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ، بۇنى پەقەت دۆلەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئېلىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى باشقا كىشىنى تەكلىپ قىلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ھەمكارلىشىپ بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل تەكشۈرۈش قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا تەھقىقلەش پائالىيىتى ھېسابلانمايدۇ. تەكشۈرۈشمۇ قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىنغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، تەكشۈرۈشتىن ئېرىشكەن نەرسىلەر پەقەتلا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلۇشى كېرەك.



## مۇشتىرى بولۇشقىلارنى قارشى ئالىمىز

ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈچىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بويىچە ئىمتىھان ئالماقچى. ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ تەكرارلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە باشقارمىمىز ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئادۋوكاتلار مەھكىمىسى تەييارلاپ چىققان «ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەملىكەتلىك ئىمتىھانىنىڭ تەكرارلاش پروگراممىسى» نى تەرجىمە قىلىپ باستۇردى.

بۇ كىتاب 32 فورماتلىق كىتاب بولۇپ، باھاسى 4 يۈەن. سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلىنى باشقارمىمىزغا ئەۋەتىشىنى سورايمىز. ئالاقىلاشقۇچى: روزى داۋۇت

**ئەدلىيە نازارىتى ئادۋوكاتلار باشقارمىسى**


司法业务选译　维吾尔文（月刊）　新疆维吾尔自治区司法厅主办

تەرجىمە ۋە نەشر قىلغۇچى: ئەدلىيە نازارىتى «ئەدلىيە كەسپى» (تەرجىمىلەر) ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتى
تارقىتىش ئورنى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: جايلاردىكى پوچتا ئورۇنلىرى

编辑出版：《司法业务选译》杂志编辑部
印刷：乌鲁木齐市印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

刊号：CN65-1064/D 代号：58-14 定价：0.40元

نومۇرى: CN65—1064/D ۋەكالەت نومۇرى: 14—58 باھاسى: 0.40 يۈەن